# جۇدۇندا ئېچىلغان ئاق لالە

## (پوۋېست )




بۇ يازما شەبنەم تورىدىكى يازما بولۇپ ، يازما بىر پوۋېست بولغاچقا ئەسلى ئاپتورنىڭ شەبنەم تورىدىكى تور ئىسمى بويىچە شەبنەم تورىدىكى يوللانغان نۇسخىسى بويىچە ، ئەسلى ئاپتورنىڭ ھوقۇقى ساقلاپ قېلىنغان ئاساستا ئەينەن كۆچۈرۈپ رەتلىنىپ ئېلكىتاب قىلىپ ئىشلەندى .

يازما مەنبەسى :شەبنەم تورى

ماتېرىيال رەتلىگۈچى : ئازغۇن

ئېلكىتاب قىلىپ ئىشلىگۈچى : ئازغۇن

توردا تارقاتقۇچى : دەۋر بلوگى

dewir.blogbus.com

# جۇدۇندا ئېچىلغان ئاق لالە

ئاپتورى:جانان (ئۇيغۇرئاي)

پوۋېست




**كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى،**

**كىملەرگە خار بولماپتۇ؟ (خەلىق)**

dewir.blogbus.com

**ئاللاھۇ ئەكبەر،،،،،،،،،،ئاللاھۇئەكبەر**

**سوزۇپ ئېيتىلىۋاتقان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى،تاڭ ئەلچىسى بولغان خورازلارنىڭ ئاندا-ساندا چىللاشلىرى،ئىگىسىگە سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك بەس-بەستە قاۋىشىۋاتقان ئىتلار. يەنە نىملەرنىڭدۇر ئاۋازلىرى،گىرىمسىمەن تۈيغۇغا چۆمگەن بۇ خىلۋەت يېزىغا يېڭى بىر**

تاڭنىڭ ئاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. تاتلىق ئۇخلاۋاتقان دېھقانلارغا> ئىتتىزىڭغا چىق <!دېگەندەك مەنالارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. تىنىمسىز ھەسەل ھەرىسىدەك،ئېغىر ئەمگەك ئاستىدا مىجىقى چىققان دېھقانلار ئىلاجىسىز ھارغىن چىرايلىرى بىلەن بىسمىللاھ دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ،يېڭى بىر تاڭنى كۈتىۋالىدۇ.

بۇ شۇنداق جاھانكەن،تۇغۇلغان ئىكەنسىز ھەر بىر كۈننى ھەر خىل ئۇسۇلدا كۈتىۋالىدىكەنسىز.





كالىچىنىڭ سوڭغا دەسسەپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ بولغان ئاسىم،ئېغىر تىنغانچە ھويلىسىغا بۇرلۇپ قاردى>.ئوتتۇرا قولدەك <ئوغلۇم بار،چوڭ بولسا ماڭا ئەسقاتىدۇ دەپ نۇرغۇن خام خىياللارنى قىلىپ كىتىپتىمەن تېخى. 60 تىن ئاشقان قىرى دادىسى ،شۇنچە نەرسىلەرنى تاراقشىتىپ،ئايالىغا ۋارقىراپ تۇرۇپ ئىشلارنى جىكىلەپ ئېتىزغا ماڭسا، كۆزىنى قىيا ئېچىپ،يالغاندىن قاتتىق ئۇخلىغان قىياپەتتە چوشقىدەك خورۇلداپ ياتقىنىنى ئادەم بولمايدىغان ناكەسىنىڭ. سېنى باققۇچە قازاقنىڭ قويىدىن ئوننى بىقىپ قويغان بولسام ،بۇ ۋاقتا مىنى گۆش-ياغقا كۆمۈۋەتمەسمىدى.سەنمىغۇ ئوبدان كۆمدۈڭ،تىل -دەشنەمگە. ھەدەڭنىڭ پوقىنى يىسەڭچۇ كىسپۇرۇش، بالا ئەمەس>بالا < بولدۇڭ،،،،،،،،،

چاچ-ساقاللىرىنى قاردەك ئاق قىراۋ قاپلىغان بۇ بوۋاي ھەيرانلىقتا قەلىمىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ ئاچچىق كۈلۈمسىردى:

ــھە،جىمىپ قاپتۇققۇ؟ ئاپتۇرگۇل. مانا كۆردىڭىزما؟ مەنمۇ ئەيىنى ۋاقىتتا ئاتا-ئانامنى سەل قاقشىتىپ قويغان،ئەمما بۇنىڭدەك ئەسكى ئەمەس ئىدىم. بىزدە> ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى-بۇرنۇڭنى قان ئېتەر <دېگەن ماقال بارغۇ، دەل شۇنداق بولىۋاتىدۇ...قاراپ تۇرسىزغۇ؟ قىنى ياش بولغاندىن كېيىن كەتمەننى كۆتۈرۈپ مېڭ! ئارتۇقچە باش قاتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، كەينىمدىن ھارماي ئەگەشسىڭىز قەلەم ئەمەس ئەلەم سىزگە بىر داستان پۈتۈپ بېرەلەيدۇ.

گۇس-گۇس دەسسەپ كىتىۋاتقان بۇ قاتمال بۇۋاينىڭ كەينىدە قالماسلىق ئۈچۈن ،ئۆزەمچە ئەسەرگە رەڭ بىرىمەن دەپ ئىلىۋالغان بىر-بىردىن ئېغىر قوشۇمچە ماتىرىياللارنى تاشلاپ،ئەسىرىمنىڭ باش پىرسوناژىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم.

بىر ئۆمۈر جاپا تارتقان،قىرىغاندىمۇ ئوغلىنىڭ راھىتىنى كۆرمىگەن ئاتا،> تويغۇزامسەن بالا باققانغا <دېگەن ناخشىنى توۋلىغاچ كەتمىنىنى يەرگە زەرىپ بىلەن چاپاتتى.

**********

ــخوتۇن قىنىسەن؟ ھوي  خوتۇن!

ــئاۋازىڭىز مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى بۇزۇق كانەيدىن قىلىنشمايدىغان كىشىدە  سىز،،،

ئاسىم ئارقىدىلا چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ ،ئېتىنىڭ كەينىگە بۇرۇلدى .كىچىككىنە كۆكتاتلىقتا ئاش چامغۇر ئوتاۋاتقان خوتۇنى مايسىخان ،نىمە ئىش؟ دىگەن  مەنادا ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى.

ــتولا كاسكىلىق قىلماي چىقە مايىقا!  كۆرمەپتىمەن سېنى!

ــۋاي مانا،خۇدا ھەققىدە ئاستىراق ۋارقىرسىلا،ھىلىمۇ خەقلەر بۇلارنىڭ ئۆيىدە 365 كۈن غەۋغا ئۈزۈلمەيدۇ دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ،،،،يۈزۈمنىمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەلمەس بولدۇمغۇ،،،،


ــيوق يۈزۈڭنىڭ نەرىنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتىڭ،-دېدى  ئاسىم توڭلۇق بىلەن. چاي ئېتە ماڭ! جۈمەگە كىچىكىپ قالىمەن بىكا. ئەرشىدىن دىگەن  لالما نەگە كەتتى؟

ــيەنە بىرەرسىنىڭ خوتۇنىغا چاقچاق قىلىپ تاياق يىگىلى يا كىمنىڭ توپتىن چۈپ قالغان توخۇ-غازلىرى باردۇر دەپ پايلاپ چىقىپ كەتكەندۇ، ئەتىگەنلىك چايدىن كېينلا يوقالغان،-دېدى

مايسخان كۆزلىرگە مۆللىدە ياش ئېلىپ.

ـئۇۋ،، ئوغۇل بالا دەپ باشقا ئېلىپ كۆتۈرگەننىڭ جازاسى، ھەممىنى قىلغان سەن. تىللىسامۇ، ئۇرسامۇ ئارلىشىۋېلىپ مۇشۇ كۈنگە قويدۇڭ. ئەمدى كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتقىنىڭنىڭ پايدىسى يوق، خۇدا ئىنساپ بەرمىسە تۈزەلمەيدۇ ئۇ. ئارتۇقچە ئويلىماي چاي بەر! ماۋۇ قورساق ئاغرا چالغىلى خىلى بولدى. چاينى ئىچىپ بولغۇچە ئىسسىق سۇ تەييارلاپ قوي، يۇيۇنۇۋالاي!

خۇدايىم بەرگەن ئەسكى چىلەكنى مىسكىنلىك بىلەن كۆتۈرۈپ كىتىۋاتقان مايسخانغا قاراپ ئاسمىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولدى




dewir.blogbus.com

ـمنى كەچۇر جنىم خوتۇن،،،تىلمدا قوپاللىق قىلغىنىم بىلەن،سەن ئەڭ ياخشى ھەمرىيىم.

2

بۇ باشقىچە بىر دۇنيا. يىزىدىن خىللا يىراق بولغان. شاۋقۇن-سۈرەننىڭ دەستىدىن يىللاپ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان. مىھرى-مۇھەببەت ئىزنالىرى ئاستا-ئاستا ئىگىزلەۋاتقان بىنالاردەك كىشلەر قەلبىدىن كۆتۈرلۈپ كىتىۋاتقان. كىشلەر تاز خوتۇنغا چاچ كىيگۈزگەندەك ياخشى،ئاۋات،ۋاي ئاتا-ئانام ياشاپ باقمىغان،بىزگە كەلگەندە ئوگچە قالغان دەپ پەخرلىنىدىنغان> شەھەر.<

بۇ يەردىكى بەزى كىشلەر ھەر تاڭدا ئەزاننىڭ،خورازنىڭ چىللاشلىرىنى ئاڭلاپ ئويغىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ،لىكن بۇ ئاۋازلار مەسجىد بىلەن كاتەكتىن ئەمەس،تامغا بەنت قىلىپ قويۇلغان سائەتلەردىن چىقىدۇ.

ـئورنۇڭدىن تۇرە بالام ! 8 دىن ئىشىپ كىتىپتۇ .

ـۋايجان ئاپا،دەم ئىلىش كۈنى بولغاندىن كيىن بىردەم ياتقىلى قويساڭ بولمامتى ئادەمنى، بىر سائەت ئۇخلىۋالاي بولامدۇ؟

ـسېنى خىزمەت بىلەن ئۆيقا جەننەتكە ئەكىرمەيدۇ. ئۆزەڭنى سوراپ ئورنۇڭدىن تۇر، ھىلىمۇ ئەتىگەننىڭ ياقى بەش قىتىم ئويغاتتىم. نامىزىڭنى ئوقۇپ بولۇپ كەچكىچە ئۇخلىساڭمۇ گىپىم يوق مېنىڭ .

ئاپىسىنىڭ قاتتىق تەلەپپۇزى ئەكرەمنى خىجىل قىلدى.

dewir.blogbus.com

ــماقۇل ئاپا،خاپا بولمىغىن، كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ،ھازىرلا چىقىمەن.

جىممىدە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشۋاتقان بۇ بىر ئائىلە كىشلىرىنىڭ جىمجىتلىقىنى ئەكرەم بۇزدى:

ــدادا، رەيھاننى ئاخىرى كۆندۈردۇم. تويىدىن كىيىنلا چىلانلىق يىزىسىغا چىقىپ بىللە ئىشلەيدىغان بولدۇق.

ــيېزىغا كۆنەرمۇ ئۇ قىز؟ ئويلىشىپ ئىش قىلساڭ بولاتتى بالام. مەنغۇ ھەرگىز قارشى ئەمەس بۇ پىكرىڭگە . ئەمما كىلىن قىز ياخشى تۇرمۇشتىن بىردىنلا ئۇ يەردىكى ئاددىي يېزا مۇھىتىغا كۆنەرمۇ شۇنى ئويلىشىڭ كېرەك. ئۇ يەردە يىغلاپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ .

ــكۆنۈپ كىتىدۇ دادا.

خىيالغا چۆكۈپ چوكىنى ئويناپ ئولتۇرغان ئەكرەمگە قاراپ، گۈلسۇم ھەدە بىلەن سەمەت ئاكا مەمنۇنىيەت ئىچىدە بىر-بىرگە بىقىشۋالدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا رەيھاننىڭ ئۆيىدىمۇ چاي ئۈستىدە ئوخشاش بىر سۆھبەت داۋاملىشىۋاتاتتى:

ــبەكلا تاۋىڭىز نازۇك قىزىم. كىچىككىنە ئىشلارغا خاپا بولىدىغان ئەسكى مىجەزىڭىز بار. ئەگەر يېزىغا چىقىپ ئۆزى قوپال، لىكىن ئاق كۆڭۈل دېھقانلار تورۇڭ-تورۇڭ گەپلەرنى قىلىپ قويسا ئۇششۇقلۇق قىلىپ ھەممە يەرنى بىشىڭىزغا كىيەرسىزمۇ،ــدېدى زىننەت ھەدە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان رەيھانغا قاراپ.

ــئۇنداق دىمەڭلا ئانىسى. چىقىپ كۆرۈپ باقسۇن قىنى. شۇ چاغدا بىر گەپ بولار. سىلىنىڭ قىزىڭلاردىمۇ نوزۇكۈمىڭكىدەك، رىزۋانگۈلنىڭكىدەك قول-پۇت ،كاللا بار . ئاشۇ سەھراغا ئاران قۇرۇلغان خالىس ياردەم قىلىدىغان دوختۇرخانىنىڭ بولۇشى ئاسان ئەمەس. خەقلەر جىنىدا جەڭ مەيدانىدا كۈرەش قىلىدۇ. بولسا قىزىڭلىغا مەدەت تىلەڭلا......ماناداق .

رەيھان ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ سۆزلىرگە ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سىلىپ ئولتۇرغاندا تۇيۇقسىز كەلگەن تىلىفۇن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى. تىلىفۇننىڭ ئەكرەمدىن كىلىپ قىلىشىنى

dewir.blogbus.com

**ئويلىغان رەيھان دەرھال ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ تىلىفۇننى ئالدى.**

**ــئەسسالامۇ ئەلەيكۇم .**

**ـۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. بىر قوزام يۆتۈپ كەتكەن ئىدى. سىلەر تەرەپكە ئۆتمىگەندۇ ھە؟**

**ــكەچۈرۈڭ،تېلىفۇننى خاتا ئۇرۇپ قاپسىز، خوش ئەمسە،،،،،،،**

**قارشى تەرەپتىن پىخىلداپ كۈلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.**

**ــھەي سىزنىزە،،**

**ــسىنى ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىكى ئابرال مارۇژنىخانىسىدا ساقلاۋاتىمەن. بەش مىنۇتتىچە چىقىپ بولساڭ بولدۇڭ، بولمىسا؟**

**ــھە نىمە؟ قانىتىم بولمىسا يە مىنىڭكى، 15 مىنۇتتىچە چىقىپ بولمەن، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇۋالاي،،،،،**

***

**ــئاستىراق يەڭ ھەي،>تاغلىق كۆيئوغۇل<دېگەن بولۇمسىزدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتكىلى تۇردىڭىزغۇ؟ــدېدى رەيھان،ئىشتىياق بىلەن مارۇژنى يەۋاتقان ئەكرەمگە قاراپ.**



dewir.blogbus.com

ـسەنمۇ شۇنداق يىمەمسەن خوتۇن؟ نازلىنىپ ئولتۇرماي، گىلىغا تۇرۇپ قالدىغاندەك،،

ـكىم سىزنىڭ خوتۇنىڭىزكەن؟

ـرەيھان تاز، قارۋاي، مىنىڭ خوتۇنۇم شۇ،ھى ھى ھى .

ـ سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز باشقا رەيھان ئوخشايدۇ جۇمۇ ئەمسە،ــدېدى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ. تۇنۇگۇنلا كۆرۈشكەنتۇققۇ؟ يەنە قانداق جىددىي ئىش بار ئىدى؟ ئادەم قولىنى تۆت قىلالمايۋاتقان ۋاقىتتا.

ـھەي ماشا قارا،ــدېدى ئەكرەم كۈلۈمسىرەپ. مەن ساشا خۇددى ئاقىقا خۇمار بولغاندەكلا خۇمار بولۇپ قاپتىمەن، كۆندە كۆرۈپ تۇرمىسام ماۋۇ گۆش يۈرەك قەپىزىگە پاتمايدۇ دەيمەن.

جىنىم رەيھان ئا دادەي،

ئوتتۇشدا كۆيدۇم كۆل بولۇپ دىگەندەكچۇ،ھى ھى ھى .

ـبوپىلىۋالدىڭىزدە مۇشۇ كۈنلەردە،،،،قىنى دېمەمسىز نىمە ئىش بارتى؟

ـماشا قارا! بايا ئۆيدىكىلەر بىلەن پاراڭلاشقان ئىدىم. تويىنى تىزراق قىلايلى تاتلىقىم. رامبۇدەك ھەركىتىمىزنى تىزدىن داۋاملاشتۇرمساق بولمايدۇ. يېزىغا ،ئاۋۇ ئەتىيازنىڭ باناسىدا چىقىۋالمىساق ، قىش كىرگۈچە ماۋۇ مىنىڭ ئۇۋۋامىكەن دەپ باش تىققۇدەك بىر ماكاننى جايلاشتۇرۇپ بولالمايمىز. شۇڭا ئۆيۈڭدىكىلەرگە دىسەڭ،تويىنىڭ ۋاقتىنى ئۆزگەرتكەن بولساق؟

ـماقۇل،مەن ئۆيدىكىلەرگە دەي،ـدېدى قىز ،قىزلارغا خاس نۇمۇسچانلىق بىلەن قىزارغىنىچە.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تويى ھىچقانداق ھەشەمەتسىز، تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. قىز تەرەپنىڭ ۋە ئوغۇل تەرەپنىڭ ئورتاق مەسلىھەتى بىلەن ، تويلۇققا ئاتالغان پۇللارنىڭ خىلى كۆپ قىسمى ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغان يىتىملارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغاندا يۈزلىگەن قوللار بۇ ئىككى ياشنىڭ بەختىنى تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئەنە قاراڭ، ھەقىقى توي خوشاللىقى ئالتۇن، توي كۆينەك . ئىسىل ماشىنا ئەمەس، بەلكى ئەلنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش. ئەل دۇئاسى ئىنسانىنى كۆكلىتىدۇ ئەمەسمۇ .

dewir.blogbus.com

********

يۈك- تاقلىرنى يىغىشتۇرۇپ ،كەينىگە قىيالماسلىق بىلەن ئاخىرقى قېتىم قارىۋەتكەن بۇ بىر جۈپلەر قاش بىر پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە چىلانلىق يېزىسىغا قاراپ يول ئالدى.

3

ـۋۇ مۇناپىق ئوغرى،كۆزۈڭ چۈشمىگەن ئاشۇ بىر تال قىرى مىكىنىنىم قالغانىما؟ ئۆلە گۈي هارام تاماق

ـۋايجان ئادەم ئۆلدى، قۇتقۇزۇڭلار!

يىرىمى توخۇ كاتىكىنىڭ ئىچىدە، بەلىنىڭ تۆۋىنىگە قارىسىداپ چۈشۈۋاتقان تىپىكتىن چىدىماي قالغان ئەرشىدىن ئىغىز بۇرۇنلىرنى توخۇ پوقىغا مىلىگىنىچە ئۆزىمۇ بىر كاللەك پوقتەك شۈمشىيىپ ياتاتتى.

ـتوۋا قىلدىم هي گۈي . سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ شۇنداق ياخشى خەقلەر بولمىسا؟ ئاتاڭنىڭ ئەڭ پاسكىنا قىنىدىن تۆرەلگەن گىزەندە ئوخشايسەن،،،،،ئۆلە، مانا تازا،،،يەنە كىرەمسەن،،،،،،،،،

ئۈستى ئۈستىلەپ چۈشكەن قاتتىق تاياقتىن ئەرشىدىنىڭ زۈۋانى ئۆچتى. ئۇرۇپ هاردى بولغاي غىنى مولدۇز سىرىتتقا چىقىپ بىرەرسىنى باشلاپ كىرىش ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىغا يۈگۈردى.

ما ئىشنى كۆرۈڭ ،ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپلا غەمكىن هالدا ئۇياق-بۇياققا قاراپ كىلىۋاتقان ئاسىنى كۆرۈپ قالدى:

ـئاسىم قارى! ئوغرى شۇملىرنى ئىزلەۋاتاملا؟ بىزنىڭ كاتەككە كىرسلە، ئۇ قارى-قۇرئان شۇ يەردە

dewir.blogbus.com

جۈمە نامىزنى ئۆتەۋاتىدۇ . كىرسىلە ، بىكا بوغۇپ قويىمەن ئۇ لالمنى،،،،،،،-دېدى قوپاللىق بىلەن.

ئۈمتىسىز چىراينى قاتتىق خىجىللىق قاپلىغان ئاسىم ئوشۇق بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلالماي، كاتەكتىكى ئوغلىنى تەستە تارتىپ چىقىرىپ ،ئاران يۆلەشتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

-ئۆزىگە ئار ، ئۆلتۈرۈەتسىمۇ ئەرزىيدۇ بۇ لالمنى ،-دېدى ئاسىم مىشىلداپ يىغلاپ ئورۇن هازىرلاۋاتقان مايسىخانىغا قاراپ . لىكىن تاياقنىڭ زەربىسىدىن هالى خاراپلاشقان ئەرشىدىننى دوختۇرخانىغا ئىلىپ بارماي بولمىدى .

-سۆڭەك سۇناپتۇ . لىكىن ئەتلىرى تىتىلىپ كىتىپتۇ . مەن دورىلاپ ياخشى تىڭىپ قوياي، قايتقاندا داكا، دورىلارنى ئىلۋىلىپ ئۆيدە قايتا تاڭساڭلارمۇ تەس ئەمەس ئاكا،-دېدى ئەكرەم ئالدىدىكى مىسكىن ئولتۇرغان بوۋايغا قاراپ.

-شۇنداق قىلايلى بالام ، ياخشىراق داۋالاپ قويارسىز. ئاللاه ئەجرىڭىزنى بىرەر .

-ئەنسىرمەڭ تاغا ، بۇ قىلىشقا تىگىشلىك ئىشىم.

**********

-ۋوي سىز هىلىقى بالامنى داۋالىغان ئەكرەم دوختۇرغۇ ،-دېدى ئاسىم هاڭۋاقتىلاردەك ئۇياق- بۇياققا قاراپ كىتىپ بارغان ياش بالىغا قاراپ. بۇ ياققا ئۆتۈپ قاپسىزغۇ ئۇكام.

-هەئە تاغا، -دېدى ئەكرەم تونۇشنى تىپىۋالغاندەك خوشاللىق بىلەن . بىزنىڭ دوختۇرخانىنىڭ بىر ئىغىز ئۆيدە تۇرۇپ ئەر-ئايال ئىككىمىز قىينىلىپ قالدۇق . شۇڭا مۇشۇ ئەتراپتا بىرەر سىنىڭ ئىجارا بىردىغان ياكى قوشنا ئولتۇردىغان ئۆيى بولسا ئىجارا ئالاي دەپ شۇ ، ئەمما بۇ يەردىكىلەرنى ياخشى تونىمىغاچقا مۇشۇنداق چۆرگىلەپ يۈردۈم دەڭە . ۋاقتىڭىز يەتسە ياردەم قىلارسىزمۇ ؟

-ۋاي بولمامدىغان ، چۈش بولۇپ قاپتۇ ، هازىر بىر يەرگە ماڭغان ئىدىم ، ماڭا تىلفۇن نۇمۇرىڭىزنى



dewir.blogbus.com

بىرىنىڭ . مەن ئەتىگىچە سىزگە خەۋىرىنى بىرىمەن .

ــبولسا شۇنداق قىلىڭە تاغا، خوش ئەمسە،،،،،،،،

كۆڭلىدە بىر پىلاننى تۈزگەن ئاسىم ، ئەكرەم بىلەن خوشلىشىپ ، ئۈچىرشىدىغان ئىشنىمۇ تاشلاپ ئۇدۇل ئۆيىگە ماڭدى. ئۆيگە قايتىپ كىلىپلا ئايالىنى ھىلىقىدەك بوم ئاۋازىدا چاقىرىشقا باشلىدى.

ــھــــــــــــــــــــە مانا مەن . نىمە ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خوشال بوپكەتلە؟

ــئالتۇندىمۇ چوڭىنى تېپىۋالدىم دىگىنە خوتۇن، ئۇسساپ كەتتىم ئاۋال بىر چىنە مۇزدەك سۇ بەر، ھەي توختا، ئاخشام سالغان قىتىق بولسا دوغاپ قىلىپ شۇنىلا ئىلىپ چىقە!

بىر چىنە دوغاپنى ئىچىپ، ئۇسسىغان يەرلىرىگە بارغاندىن كىيىن ئاسىم سۆزىنى باشلىدى.

ــقايسى كۈنى ئاۋۇ لامزەللىنى داۋالىغان بىر دوختۇر بالىنىڭ گېپىنى قىلغانتىم ئەمەسمۇ؟

ــھە ، ئىسىمدە .

ــبايا ئالدىمغا ئۇچراپ قالدى . ئىجارە ئالدىغان ئۆي بولسا دىرىكىنى قىلىپ باقاي دەپ چىقتىم دەيدۇ . تەييار كەلگەن ئامەتنى قاچۇرۇۋەتكىم كەلمىدى دىگىنە خوتۇن . لالما بالىمىزنى ئۆيلەپ قويارمىز دەپ ئاۋۇ لاپاس تەرەپكە سالغان ئىككى ئىغىز ئۆي تىخىچە يىتىمسىراپ تۇرىدۇ . بالاڭغا خوتۇن چىققاندا چىقتى دىمىسە ، ھىچكىم قىزنى بەرمەيدىغاندەك قىلىدۇ . شۇڭا بىكار تۇرسىمۇ تۇردۇ. شۇلارغا ئىجارە بىرەيلى دەۋاتىمەن. چاي ـ تۈزىنىڭ بولسىمۇ پۇلىنى كۆتۈرۈپ قالار.

يولدىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان مايسىخان ئىغىر ئۇھ تارتقانچە بىر ئىغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى.

ــبۇنداق جىممىدە ئولتۇرۋىلىپ قورسىقىمدىكىنى تاپ دىمە خوتۇن! ــدېدى ئاسىمۇ ئۇف تارتىپ. ياغاچ قۇلاق ئوغلۇڭنىڭ بىرەر ئىش تىرىپ قويىشىدىن ئەنسىرەيسەن ھە قاچان . بىر ھەپتە بولدى. ئۆيگە كىرمىگىلى ئۇرۇمچىدە ئوقەت قىلىمەن دەپ يۈرەرمىش خەققە . قارغاندا ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ خېلى ئۇزۇنغىچە، مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئاسان توخۇ بەرمەيدۇ ئەمدى . ئەكرەم دوختۇرنىڭ ئايالىغا كۆز قىزارتىدىغان ئادەممۇ يوق ئەمدى . ئەنسىرىمە،،،



dewir.blogbus.com

ئـــــــــــــــــــــــــــــــا ، سىنىزە ، مىشىلدىماي تاماقنى ۋاچ-ۋاچ تەييارلا، نادىرەگە تىلىفۇن قىلىپ قويغىن ، ئىشتىن چۈشۈپ مۇشۇ يەرگە كەلسۇن ، كەچلىك تاماقتىن كىيىن ئادەم ئولتۇرغىدەك قىلىپ تازلاپ قويۇڭلار. مەن ئىشمنى قىلىپ كىلەي ئەمسە،،،،،،

گۈرسۈلدەپ دەسسەپ چىقىپ كىتىۋاتقان يولدىشىغا قاراپ قالغان مايسىخان پىچىرلىدى:

ـئوغلۇم هامان بىر ئىش تىرىپ قويىدۇ .

4

ـماڭا قارغىنە تاتلىق ! جىمىپ كەتتىڭغۇ؟

تەنلەرنى يايرىتىدىغان ئۆستەڭ سۈيىگە پۇتىنى چىلاپ ، قولىدا بىر تال مامكاپ گۈلىنى ئوينىپ ئولتۇرغان رەيھان ، يولدىشىغا قاراپ ئوماققىنە جىلمىيىپ قويدى.

ـگەپ قىلمامسەن؟ هــــــــــــه مانا، سۈغا كۆتۈرۈپلا تاشلىۋىتىمەن سىنى.

بىلىنىك بوش قاماللىنىشىدىن قاتتىق غىدىقى كەلگەن رەيھان گەپ قىلماسلىققا باشقا چارە تاپالماي قالدى.

ـهەي قويىۋىتىڭ دەيمەن! كۆپكۆندۈزدە خىجىل بولمايدىغان، سەت ئەمەسمۇ؟ بىردەم خىيال قىلغىلىمۇ بولمامدا ئەمدى ،ــدىدى ئۇ ئاچچىقلانغان قىياپەتتە.

dewir.blogbus.com



ـبۇ يەرگە چىقىپ ئىشلەشكە بەكمۇ تەستە قوشۇلدۇڭ ھە خوتۇن؟

ـئۇغۇ شۇ، لىكىن ھازىر كۆنۈپ قالدىم. نىمدىگەن ئاقكۆڭۈل بۇ دېھقان خەق .

ـشەھەردە ئۆسكەن> پارنىڭ گۈلى< ھەقىقى ئاپتاپنى كۆرۋالدىغان بولدى- دە، ھى ھى ھى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋاپنىڭ چوڭىنى ئالىسەن دىگىنە،،،،،،

ـۋاي تولا دەپ كەتتىڭىز بۇ گەپلەرنى . بىلىمەن، بىلىمەن . بىردەم سىزگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيال قىلۋالاي، جىم ئولتۇرڭە!

ـمىنىڭ يىنىمدا ئولتۇرۇپ باشقا بىرنى خىيال قىلۋاتمايدىغانسەن ھە؟ دېدى ئەكرەم كۈلۈپ تۇرۇپ

ـئـــــــــوش، قالايمىقان گەپ قىلماڭە . ئالى مەكتەپتىكى كۈنلىرىمىزنى ئەسلەۋاتىمەن. ئىسىڭىزدىمۇ؟ بىر كۈنى كەچلىكى مەكتەپتىكى كۆل بويىدا سىز خۇددى مۇشۇنداق چاقچاق قىلغان ئىدىڭىز سۇغا تاشلايمەن دەپ، لىكىن سىز ئىسلىپ بولغۇچە سىزنى سۇغا ئىتتىرۋەتكەنتىم. شۇ كۈنى ھاۋانىڭ سوغۇقىدا ، شۈمشىيىپ مۈشۈكتەكلا بولۇپ قاپسىزكەن . تىخى مىنىڭ سەۋەبىمدىن بىر ھەپتە دەرىسكە چىقالمىدىڭىز.

دوستلىرىم:

ـھەي باغرى تاش، قانداق قىز دوست سەن، بىرەر قىتىم بولسىمۇ يوقلاپ، تاماق ئەكىرىپ بەر دىگەندە، قەتئىي ئۇنىمىغانتىم. مەن ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ دەپ، ھا ھا ھا

dewir.blogbus.com

چۈنكى ئۇ چاغلاردا سىزنى ئانچە ياخشى كۆرمەيتتىم . كىلىشكەن، كاللىسى ئىشلىگىنى بىلەن پۇلى يوق دەپ، بەلكىم شۇ ۋاقىتلاردا مۇھەببەتنى ئاددىي كاللامدا پەقەت پۇل بىلەنلا ئۆلچەپ ، يىنىدا پۇلدار يىگىتلىرنى ئىلىپ يۈرگەن قىزلارغا قاتتىق ھەۋەس قىلىدىغان ۋاقىتلىرىم بولسا كېرەك.

ھە يەنىچۇ؟ داۋاملاشتۇر خوتۇن .

سىز ماڭا تەلەپ قويۇشنىڭ ئالدىدىكى كۈنىلا سىنىپىمىزدىكى قاھار سىرىقمۇ تەلەپ قويۇپ خەت يىزىپتىكەن. ئۇنىڭ خىتى تىخىمۇ ئالاھىدە دەڭا،ياللقۇنلۇق ئىبارىلەر بىلەن تولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاھارغا خىلى قىزىقاتتىم . ئەمما خەتنى بىرىپلا قولۇمنى تۇتۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن تازا تىللاپ ئاچچىقىمنى چىقىرۋىلىپ قايتىپ كىردىم .

ئەتىسىلا سىزنىڭ خىتىڭىزنى ئالدىم ، بۇ باللارغا نىمە ئىش بولغاندۇ ، ھەرىدەك ئۇۋسى چۇۋۇلۇپلا كىتىپتىغۇ دىگەنلەرنى ئويلىدىم . قارىسام سىزگە مەيلىم بار ئىكەن . يەنە بىر تەرەپتىن سىزگە ماقۇل بولماي قاراشماي يۈرسەك ، دەرىسلىرىمگە كىم ياردەم قىلاتتى دەيسىز ، شۇڭا سىزنى قولدىن چىقارغۇم كەلمىدى، ھى ھى ھى .

ــھەي دۆت! بۇ سىنىڭ ماڭا ماقۇل بولۇشتىكى سەۋەبىڭمۇ؟ـدىدى ئەكرەم ئايالىنى يىنىك نوقۇپ دەسلىۋىدە ئۆزەممۇ شۇنداق ئويلىغان . ئەمما يۈركىمگە قولۇمنى ياخشى بىر سىلىپ باقسام سىزنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن كىيىنكى مەزگىللەردە . ھى ھى ھى

ــسەت كۈلۈشنى بۇنىڭ،ــدىدى ئەكرەم ئايالىنىڭ ئوماق كۈلكىسىدىن ھۇزۇرلانغاچ . بىلەمسەن مەن سىنىپقا تۇنجى كىرگەن كۈنى نىمىگە كۆزۈم چۈشكەنلىكىنى؟

ــماڭىما؟

ــشۇنداق ،خوتۇن. ئالدىمدىكىلا پارتىدا تىنماي ئۇششاق ھەركەت قىلىپ تۇرغان ساڭا كۆزۈم چۈشتى. چېچىنى ئىككى تال قىلىپ بوغىۋالغان. قوللىرى قەلەمنىڭ سىياھىدا كۆپكۆك بولۇپ كەتكەن بىر قىز. چىرايىنى كۆرگەن ۋاقىتتا بەكمۇ ئىنىق كۆرمىگەن بولساممۇ ئاپئاق بويۇنلىرىدىن گۈزەللىكىنىڭ

dewir.blogbus.com

بەلگىسى كۆرنۈپ تۇردىغان بىر قىز.

ئۇ سەن ئىدىڭ رەيھان. ئىككىنچى سائەتلىك دەرىستىلا قەلىمىڭىنىڭ سىياسى چىقماي بىشىڭدىن ئۈستۈن قىلىپ سىلكىشكە باشلىدىڭ . شوخلۇقۇڭمۇ ياكى بەكلا بولۇمسىزلىقىڭمۇ ئەيتاۋۇر قەلەمنى بىشىڭدىن ئىگىز كۆتۈرۈپ بىرلا سىلكىپ تىخى ئالدىنقى كۈنى يىپيىڭى پىتى كىيگەن ئاپام ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ بەرگەن كانۋاي كۆينىكىمنىڭ ئالدىنى سىياھ قىلىۋەتتىڭ.

كۆزۈم كۆينەك ئالدىدىكى ئۇششاق سىياھ ئىزلىرغا چۈشكەندە شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى، بايىقى سىنچىلاپ قاراشلار ئۇنتۇلۇپ سىنى تىللاشقا ئۈتتۈم .

ــقانداق قىزسىز، ئەھتىيات قىلساڭىز بولمامتى؟ بولۇمسىزا!

ــنىمە؟

تۇمشۇقلىرىڭنى ئۇچلىغانچە ئارقاڭغا بۇرۇلدۇڭ رەيھان. ئەنە شۇ چاغدىلا سىنى تىخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئاپئاق يۈزۈڭگە يارشىپ تۇرغان تال-تال كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان خۇما كۆزلىرىڭ، مەن دائىم چىمدىپ ئوينايدىغان ئىقىپ چۈشكەندەك بۇرنۇڭ، يەنە تىخى ماۋۇ تولا ئۇچۇق چىقىپ قالدىغان ئوماق لەۋلىرىڭ مىنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. بەلكىم سەن مەن شۇ يىشمىغچە ئۇچراتقان ئەڭ چىرايلىق قىز بولساڭ كىرەك . ئەجەپمۇ چىرايلىق قىزكىنا دەپ سىياھ ۋەقەسىنى ئۇنتۇپ ساڭا قاراپلا قاپتىمەن.

ــخاپا بولماڭا ۋاي، قەستەن قىلدىمما؟ ناھايىتى بىر كۆينەككەنغۇ، يۇيۇۋەتسىمۇ چىقىپ كىتىدۇ ئۇنى،،،،،،دىدىڭ خۇددى خاتالىقنى مەن ئۆتكۈزگەندەك.

ـ ئىسمىڭىز لالەما؟

ــھا ھا ھا ، ساراڭمۇ ماۋۇ بالا، ۋۇ ساراڭ،،،،،،،،،،،،

نىمشقا شۇنداق دىگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. تىزلا ئالدىڭغا بۇرلۇپ ئولتۇرۋالدىڭ. بايىقى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىڭ شۇ يەردىلا مىنى ئەسىرگە ئالدى. شۇ كۈنى يەنە بىرەر ئىشنى بانا قىلىپ ساڭا گەپ قىلماقچىمۇ بولدۇم ، يەنە بىر قىتىم قەلىمىڭنىڭ سىياھسىنى چاچرىتىۋىتىشىڭنى

ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن سەن ئۇنداق قىلمىدىڭ . شۇ چاغدا قەلبىمىڭنىڭلا ئەمەس، قەلبىڭنىڭ سىياھسىنىمۇ بىرگە چاچرىتىۋەتكەن چېغىڭ . كەچلىك سىنىپ يىغىنىدا ئىسمىڭنى ئاخىرى بىلدىم، رەيھان.

ھەر ھالدا يېقىنلىشىپتىمەنغۇ، خوش بولدۇم،،

ــلالە ـ رەيھان .

بارلىق قىلىقلىرىڭ ، ئۇششۇقلىقىڭ ، لەۋلىرىڭنى چىرايلىق ئۈمچەيتىپ تۇرۇپ كىچىك بالىدەك ياردەم تەلەپ قىلىشىڭ ، مېنى شۇنداق خوش قىلاتتى، چۈنكى سېنى تۇنجى كۆرگەندىلا ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم . باشقىلارغا قىلمىغان ياردەمنى سەندىن ئاياپ باقمىدىم. ماڭا سۆيگۈ ئوتىنى تۇتاشتۇرغان تۇنجى ھەم ئاخىرقى قىزنىڭ پەقەتلا سەن بولۇشۇڭنى كىچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم .

ــبۈگۈن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەيدىغان كۈنمۇ نېمە؟ قىنى سۆزلەۋىرىڭ، شۇ ۋاقىتقا قايتقاندەك بولىۋاتىمەن دېدى رەيھان ئەكرەمگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ.

بىر يەكشەنبە كۈنى سېنى ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدا ئاران توختىتىۋالدىم. تولىمۇ تەستىلىكتە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلغاچ ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىمدا خەتنى تۇتقۇزغىنىمدا چىرايىڭدا مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى. خەتنى قولۇمدىن يۇلۇپ ئېلىپ دىگۈدەك يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتكىنىڭدە كۆزۈمدىن بىر تامچە ياش سەۋەپسىزلا ئېقىپ چۈشتى. بۇ ياشنىڭ نېمە سەۋەپتىن، قانداقلارچە ئېقىپ چىققىنىنى بىلمەي قالدىم.، مۇھەببەت ئۈچۈن يىغلىغان ئوغۇللارنى غورۇرى يوق دەپ مەسخىرە قىلاتتىم ، لېكىن مۇھەببەتنىڭ ھەر قانداق غورۇرنى يەرگە ئۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى شۇ كۈنىلا ھېس قىلدىم. ھېلىمۇ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتكەن،بولمىسا بىرەرى كۆرۈپ چاقماق تىزلىكىدە ھەممىسگە يېيىۋېتەتتى.

ئەزەلدىن نامىزىمنى تۆزۈك ئوقۇمايدىغان ئادەم شۇ كۈنى چالا تاھارەت ئېلىپ كارىۋاتتا موكىدەك

ئولتۇرۇپ ئۇزۇن دۇئا قىلىپ كەتتىم . ئاشۇ> لالەم < نى ماڭا بۇيرۇپ بەر ئاللاھ دەپ،،،، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياتاقداشلىرىمنى بىئارام قىلىپ ئۇزۇنغىچە ئۆرلۈپ-چۆرلۈپ تولا ئۇۋ تارتىپ ئۇخلىيالمىدىم. كۆز ئالدىمغا سىنىڭ خىتىمنى ئوقۇپ بىردەم خوشال بولغان بىردەم قاتتىق ئاچچىقلانغان تۇرقۇڭ كېلەتتى. ئەتىسى سىنىپتا سەن بىلەن ئۇچراشقاندا قانداق ئىشلارنىڭ بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالاتتىم. قىلدەك تولغىنىپ تولا ئۆرۈلگەن بولسامۇ شۇ بىر كېچە يەنىلا ئۆتۈپ كەتتى.

ئەتىسى سىنىپقا ئېھتىيات بىلەن كىرىپ كەلدىم. سەن دوستۇڭ گۈلمېھرە بىلەن تازا قىزغىن پاراڭلىشىۋېتىپتىكەنسەن. مىنى كۆرۈپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرىۋەردىڭ . تۇۋا بۇ مىنى پەقەتلا ياراتمايدىكەنىدە دىگەنلەرنى ئويلاپ لاسسىدە بوشاشقانچە ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ قالدىم. كاللامغا ھېچ دەرس چۈشەر ئەمەس. شۇ كۈنى ساۋاقداشلىرىمنى ھەيران قالدۇرۇپ تۇنجى قېتىم مۇئەللىمدىن تەنقىد ئاڭلىدىم،لىكىن بۇمۇ كار قىلمىدى.

ئاخىرى مەن كۈتكەن مىنۇتلار يېتىپ كەلگەن چېغى، 5- سائەتلىك دەرىستىن كېيىن ئارقاڭغا بۇرۇلمايلا ، دەپتەر قىتىغا قىستۇرۇلغان بىر ۋاراقنى ماڭا سۇندۇڭ.

ــخەتنى ئوقۇپ كۈلۈپ كەتتىم. ناھايىتمۇ سەت قىلىپ> مىنى<سىزىپ سەن ياخشى كۆرۈشنىڭ نىمىلىكىنى بىلەمسەن؟ بىلسەڭ دەرىستىن چۈشكەندىن كىيىن ئېيتىپ بەر دەپ يىزىپ قويۇپسەن،،،، كىچىك باللاردەك سورالغان بۇ سوئالىڭمۇ ماڭا ناھايىتى سۆيۈملۈك تۇيۇلغان ئىدى. قەلبىمدە ئازراق بولسىمۇ ئۈمۈت ئۇچقۇنلىرى پارلىدى. سەن بىلەن قايتا پاراڭلاشقاندا كۆزلىرىڭگە تىكىلىپ تۇرۇپ ، ساڭا چوقۇم بىلدۈرىمەن، سۆيۈشنىڭ ، ياخشى كۆرۈشنىڭ نىمىنىلىكىنى ئىپادىلەپ بىرىمەن دىگەنىدە تولىمۇ تاتلىق قىزىرىپ كەتتىڭ. مىنىمۇ ياخشى كۆردىغان چېغىڭ ھە؟ شۇنداق قىلىپ سەن ئاخىرى مىنىڭ بولدۇڭ. نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىملەرنى خاتىرە قالدۇردۇق ھەم قالدۇرۋاتىمىز، ھامان بىر كۈنى ھالال جۈپتۈم بولىدىغىنىڭنى ئويلىغان ھەر بىر مىنۇتتا ئۆزەمنى ئەڭ، ئەڭ بەختلىك يىگىت ھىس قىلىدىم جىنىم. ساڭا ئىرىششىم ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ مۇۋاپىقيەتلەرنىڭ بىرى .

ئـــــــــــــــــۇف، كەينىمگە قارىسام ئۆزەمنى خۇددى بىر ئەسىر ياشىغاندەك ھېچ قىلىپ قالدىكەنمەن .

شۇ ۋاقىتتا ختىڭىزنى كۆرۈپ راستىنلا ھەيران بولغان ئىدىم ـدېدى رەيھان. چۈنكى سىزنىڭ دەرىسكە قالتىس ئىشلەيدىغان كاللىڭىزدا قىزلارغا ئورۇن يوق دەپ ئويلايتتىم. نۇرغۇن قىزلار سىزگە قىزىقاتتى. شۇنچە قىزلار ئىچىدىن منى ياخشى كۆرگىنىڭىزگە بىر تەرەپتىن خوشال بولسام بىر تەرەپتىن ئۆزەمدىكى يوغانچىلىق بۇنى ئاشكارلاشقا يول قويمىدى.

ئۇنى قىلىپ،بۇنى قىلىپقۇ ئاخىرى منى ئۆزىڭىزگە مەھكەم باغلاپ ئالدىڭىز. ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرغىچە مۇشۇنداق گۈزەل تۇيغۇلاردا ياشاپ ئۆتۈشكە نىسىپ قىلغاي ئاللاھ********



بىر-بىرگە تاغدەك يۆلەنچۈك بولۇپ ئولتۇرغان بۇ بىر جۈپ مۇھەببەت ئىگىلىرى ئاستا-ئاستا پىتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ، كەچكى شەپەقنىڭ گۈزەل نۇرلىرىدىن ھۇزۇرلانغانچە ، ئەسلىمىلىرنى داۋاملاشتۇرغاچ قەلىمىم ئىچىدىن ئاستا ھالقىپ چىقىپ قىزغۇچ نۇرلارغا سىڭىپ كەتتى .

5

ــئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەكرەم دوختۇرمۇ؟

ۋەئەلەيكۇم  ئەسسالام،سىز؟

ــھە ،مەن ھىلىقى سىز تۇنۇگۇن كۆرۈشكەن ئاسىم ئاكىڭىز،سىزگە ئۆيىنىڭ خەۋىرىنى بىرەي دەپ.

ــئادەمنى ئەجەپ خوش قىلدىڭىز

ــشۇنداق ئەسلى تۈنۈگۈنلا خەۋىرنى بەرمەكچىدىم. قارسام كەچ بولۇپ كىتىپتۇ،ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي دەپ ھازىر تېلىفۇن قىلىشىم ئىدى. بىزنىڭ قورادا بىر نەچچە يىل سىلىپ قويغان،ئىككى ئىغىز ئۆي بار ئىدى،تىخى بىرەسى ئوتتۇرغىدەكمۇ بولمىدى.ھويلا-ئارامىلار كەڭ-تاشا،مۇۋاپىق كۆرسىڭىز كىلىپ كۆرۈپ بىقىڭ!

ــئۆيىڭىز قەيەردىرەككىن ئاكا؟

ــئىشتىن قاي  ۋاقتىراق چۈشىسىز؟

ــ5ــكىچە بىكار بولىمەن.

ــئەمسە ، 5 تىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە بىز تۇنۇگۇن ئۇچىرشىپ قالغان يەردە ساقلاپ تۇراي،شۇ يەرگە كىلىڭ

ــسىزنى ئاۋارە قىلدۇق ئاكا،دەل ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ بارىمىز، خۇداغا ئامانەت

شۇنداق بولسۇن  ئۇكام،،،،

dewir.blogbus.com

ئىلىڭلار،بىقىڭلار بىلەن چوڭ ھويلىغا جايلاشقان چايخانىدا بىر ئالدىدىكى مەززىلىك پۇراپ تۇرغان پىننە سالغان سۇيقاشقا،بىر قورادىكى رەت-رەت مېۋە كۆچەتلىرىگە قاراپ ئولتۇرغان ياشقىنە ئەر-ئاياللار ساھىپخانلارنىڭ ئالسىلا-باقسىلا دىگەن تەكەللۇپلىردىن كىيىن تاماققا تۇتۇش قىلدى.

-كەمبەغەلنىڭ ئىشى چىشقا دورا دەپتىكەن خىنىم،قىنى چوڭ-چوڭ ئالسىلا،-دېدى مايسىخان مېھماندوستلۇق بىلەن .

ئاش بۆلەكچىلا تىتىپ كەتكەچكىمۇ،رەيھان بىلەن ئەكرەم ئارتۇقچە تەكەللۇپنى قايرىپ قويۇپ ھۇزۇرلىنىپ ئاش ئىچىشكە باشلىدى. تاماق ئىچىلىپ دۇئادىن كىيىن ئاسىم بىلەن مايسىخان تەييارلاپ قويغان ئۆيىنى كۆرسەتتى.

-بىز ئويلىغاندىنمۇ پاكىزە ئىكەن،دەم ئىلىش كۆنى كۆچۈۋالايلى دىيىشنى ئۇلار خوشاللىق بىلەن.

-نېمە ئوغلىڭىزنىڭ گىپىنى چىقارسام ئالىيىپ،ھەر قىسما قىلىقلارنى قىلىپ ئۇنىڭ گىپىنى قىلىشمىغا يول قويمايسىز،-دېدى ئاسىمنىڭ كەينىدىن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ كىرگەن مايسىخان غەزەپ بىلەن.

-ھەي ئەقلى كالتە خوتۇن،ئۇنىڭ گىپىنى قىلساڭ ئولتۇرامتى بۇلار؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە قەلەندەرنىڭ ئىشكىدەك يۇردىغان ئەتۋارلىقىڭ ھازىر ئۇرۇمچىدە،خوشنىنىڭ بالىسىدىن ئاڭلىسام بىر نەچچىسى بىلەن بىرلىشىپ سودىغا تۇتۇش قىلىپتىمىش، ئاخىرى خەيرلىك بولسىلا بولاتتىغۇ. ماڭا قۇرۇق گەپ قىلماي تاھارەتكە سۇ تەييارلا! ناماز شام ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ.

گۇلسۇمخان ئىغىر ئۇۇف تارتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ ئەسكى مىجەزى بەش قولدەك ئايان، بىرىنچى يىللىقتا>يەتتە <يىل ئوقۇغان بۇ بالىسى مەھەللىدىكى ھەممە كىشىدىن دەشنەم ئىشتىپ چىققان دىسە لاپ كەتمەيدۇ، ئۆزىغۇ خىلى كىلىشكەن،لىكىن كاللىسى يوق،نەچچە قاماقتا يىتىپ چىققان بولسىمۇ،بۇ ئۇنىڭ ئۇچۈن خەقلەرنىڭ توخۇ كاتىكىدىن تاياق يەپ چىققانغا ئوخشاشلا ئاددىي بىر ئىش بولۇپ قالدى>.ئۇگەنگەن خۇي ئۆلگىچە قالماپتۇ<دىگەندەك يەنىلا قىلغۇلۇقنى قىلىپ يۇرۋاتىدۇ. يا ھاياسى يوق، يا ئاتا-ئانىغا كۆيۈم دىگەن نەرسە يوق.ئالدىغا تاماقنى تەييار

dewir.blogbus.com

قىلىپ ئەكەپ بەرسە ،زادى قەيەردىن كىلىۋاتىدۇ بۇ تاماق دىمەي گۆشىيىپ ئولتۇرۇپ يىيىشنىلا بىلىدۇ،مانا ئەمدى ئۆرۈمچىگە چىقىپ كىتىپتۇ،شۇ يەردە كىملەرنى قاقشتىپ يۈرگەندۇ ،ئۆلگەندە قۇتۇلدىغان ئوخشايمەن بۇ دەردتلەردىن،،،،،،،،

*******

ـهەي ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ دەيمەن! نەۋاق تاڭ ئاتقىلى ،تۇرىڭە! بۈگۈن ئۆي كۆچىدىغان ئادەم مۇشۇنداق ياتامدا؟

يوتقانغا چىڭ پۈركىنىپ يىتىۋالغان ئەكرەم ،ئايالىنىڭ گىپىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ،بىشىنى يوتقانىنىڭ ئىچىگە تىقىپ يىتىۋالدى.

ـتۇرۇڭ دەيمەن هوشۇر،هەي هــــــــوشۇر!

ـئــــــــــــــــــــا ،بىردەم ئۇخلىۋالاي،چىقىپ چاينى تەييار قىلغىنە،بىشىمدا دۇمباق چىلىۋەرمەي،ــدىدى ئەكرەم نارازلىق ئارلاش.

ـئاپام يوق بوپ بەردى هە سىزگە؟ خىجىل بولمايدىغان كۈن چاشكىدا قوپۇپ يۈزىنى يۇيۇپلا ئىشىنى قىلىدۇ.ئۇخلاۋىرىڭ ئەمسە،سەل تۇرۇپ ،جىنىم خوتۇن ،ئۆي كۆچىلى ،ياردەم قىل دىسىڭىز سىزگە ياردەم قىلدىغان هىچكىم يوق جۇمۇ.

ـبولدى،بولدى،تولا جىجىۋىللىق قىلىۋەرمە خوتۇن! تۇرسدام بولدىغۇ

ـهى هى هى يەنە مەغلۇپ قىلدىم

ـسەت كۈلۈشىنى هۇ شەيتان قىز

ئەر-ئاياللار بىردەم كۈلۈشۈپ،بىردەم قاپاق تۈرشۈپ ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلغاندىن كيىن ئەكرەم كوچىغا چىقىپ كىراكەشتىن بىرنى تىپىپ كىردىغان،رەيهان ئۇششاق-چۈششەكلەرنى رەتلەپ تۇردىغان بولۇپ كىلىشتى.

دەرۋازا ئالدىدا موخۇركىسىنى كۈچەپ تارتىۋاتقان ئاسىم يىنىغىلا كىلىپ قالغان يىڭى قوشنىلىرنى كۆرۈپ قىزنىڭ ئۆيىگە ماڭغان مايىسخاننى دەرۋازا تۈۋىدىلا توختىتىۋالدى.

ـقارا خوتۇن،يىڭى قوشنىلار كىلىۋاتىدۇ. هازىرچە نادىرەنىڭ ئۆيىگە بارماي تۇرغىن،



dewir.blogbus.com

نەرسە-كېرەكلىرنى رەتلەپ بولغۇچە كەچ كىرىپ ھىرىپمۇ قالدۇ ھە قاچان،ئوخشىتىپ بىر تەخسىدىن لەغمەن ئەتكىنە،مەن ئىغىر نەرسىلىرنى چۇشۇرۇشكە ياردەم قىلاي

-ماي ماقۇل غوجام ،-دېدى مايسىخان،ئاران قويغان ئوسمىلىرنى قوشنىلىرغا داڭلىيالمايدىغانلىقىدىن كۆڭلى يىرىم بولۇپ.

ئانچە يېڭى بولمىسىمۇ ،ئازادە ئىككى ئىغىز ئۆيگە كۆچۈۋالغان بۇ بىر جۇپلەر بەكلا خوشال ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرگە قوشنا بولۇپ كەلگەنلىكىنى مايسىخان دوقمۇشتا شىمشىكە چىقىپ ئولتۇرۇپ جاھاننىڭ پارىڭىنى قىلىدىغان قوشنىلىرغا يەتكۈزۈپ بولدى.

-شەھەرلىك بولغاچقا ھالى چوڭدۇر ھە قاچان،-دېدى مايسىخاننىڭ ئوڭ بىقىنىدا ئولتۇرۇپ قارسىلدىتىپ شىمشىكە چىقىۋاتقان تۇرغۇناي باخشى.

-يەنە سەندەك،بىزدەك،ئۇستىگە تاغار ئارتىۋالغاندەك يۇرمەيدۇ،دېگىنە قىرى باخشى،ھى ھى ھى ،كۆلدى بىر كۆزى سەل ئالغاي قۇربانەم.

-نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىلەر خوشنام،-دېدى مايسىخان ھاياجانلىنىپ. قولۇمغا قول بولىۋاتىدۇ دەڭلارا كىلەر،كەلمەيلا. شۇنداق سەھەر تۇردىكەن .ھويلا-ئارام دىگەننى چىنىدەك پاكىزە تازلىۋىتىدۇ.بىزنىڭ يالغۇزلۇقىمىزنى پەقەتلا چاندۇرمايۋاتىدۇ دەڭلارا. ئۇنىڭ ئۇستىگەتاماقىمۇ شۇنداق ئۇستىكەن. بىز ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان كاتلىت دەمدۇ ئىشقىلىپ شۇنداق بىر خىل تاماقلارنى ئوخشىتىپ ئىتىدىكەن. تولا ۋاقىتلاردا ئىشتىن كەچ كىلىدۇ،شۇڭا تاماققا چاقىرىمەن. قاچىنى ھەرگىز ماڭا تاشلاپ قويمايدۇ دەڭلارا، ھى ھى ئۆزىمۇ تومۇچۇقتەكلا بىر ئۇز خىنىم،قايسى كۈنى يۈز-قوللىرىمنىڭ يىرىكلىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ كىچىك قۇتىدا بىر پۇراقلىق ماي بەرگەن ئىدى ، سۈركىسەم ئوڭشىلىپلا كەتتى قاراڭلار.

-ۋىيىەي،قىرغاندا ساڭا نىمە ئەڭلىك ئۇ،ماڭا بەر،مەن ئىشلىتىپ باقاي،-دېدى گەپكە قۇلاق سىلىپ ئولتۇرغان تۇرسۇناي جالداق.

dewir.blogbus.com

ـئوش،سەن جالداقا نەنىڭ مىيكەن.ئاۋۇ ئىرىك دىگەن تاز ئىلىپ بەرسۇن،نىمگە تەگكەن ئۇنىڭغا ھى ھى ھى

مايىسخانىنىڭ شۇ گىپىدىن كيىن ئايالىلار كونا ئادىتى بويىچە> مەھەللە قىسقا خەۋەرلىرنى<بىر–بىرگە يەتكۈزۈشكە باشلىدى.

بۇ بىر كىچىك مەھەللە،كىمنىڭ ئۆيىدە چىڭراق يۆتەلسە شۇ زامانلا ھەممە بىلىپ كىتىدىغان ،كۈلكىمۇ،يىغىمۇ بولۇپ تۇردىغان بىر مەھەللە.ئەمما شىمشىكە چىقىپ،ۋاتىلداپ ئولتۇرغان بۇ بىر نەچچە ئايالىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققى قوشنىدارچىلىقىنىڭ يېزىلارردا بولسىمۇ داۋاملىشۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ .



dewir.blogbus.com

6



ۋايجـــــــــــــــان،،،،،،

قاتتىق زەربە بىلەن ئۆرۈلگەن بىر كاچات ئىمىن ئورۇق ئىسىملىك ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن بۇ بالىنى ئارقىسىغا ئۈچۈرۈۋەتتى .

ـھەي ھارامدىن بولغان شۇم، كىمگىنى ئاخماق قىلىسەن؟ قاراپ تۇرسام بەش يۈەننى ئايرىم تىقىۋاتىسەنا؟ تاپقان پۇلنى تولۇق تاپشۇرماي ئاناڭنىڭ قىشىغا ئاپىرامتىڭ؟ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ ئىتنىڭ بالىسى؟

شۇنچىلىك ئوماق ،ئۇيغۇر پەرزەنتىنى بوزەك قىلىۋاتقان كىمدۇر دەپ ھەيرانلىق بىلەن بۇ ۋەھشى ئىنساغا سەپسىلىپ قارىدىم .بۇ ئەسلى كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان، يامان قىلىقلىرى بىلەن ھەر بىر كىشىگە سەلبىي تەسىر بىرىپ كىلىۋاتقان ئەرشىدىنكەن ئەمەسمۇ.

ئۇ كىچىككىنە بالىنى رەھىمسىزلەرچە ئۇراتتى. قولىدىكى تاماكىنى غالىپلارچە بالىنىڭ ئورۇق

dewir.blogbus.com

بەدىنىنىڭ ئۈيەر-بۇ يەرلىرگە ياقاتتى. مۇنۇ ئالدىدا قارات تىزىلىپ تۇرغان ئونىنەچچە كىچىك بالا ئىمنىغا تەگكەن تاياقنى يەپ قالماسلىق ئۈچۈن بارلىق يانچۇقلىرنى تەتۈر ئۆرۈپ پۇلنىڭ ھەممىسىنى خوجايىنىغا تاپشۇردى .

ئۆرۈمچىنىمۇ سىستۇتىپ،ئەتراپىغا شايكا تويلاپ،بالا ئالداپ>سودا <يولغا كىرگەن بۇ ھايۋان ھازىر خىلىلا ئەتلىنىپ قالغان.ئەمدىلىكتە شاڭخەي كوچىلىردا غالىپلىق مارشىنى ياڭرىتىۋاتقان ئىدى. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنى زار قاقشىتىپ،مەكتەپتىنلا ئالداپ ئەكىلىۋالغان بۇ نارسىدىلەر ھازىر بۇنىڭ قۇللىرى، قىزلار خۇددى دىدەك ئىزۇرادەك،ئوغۇللار ئۇنىڭ ئاسالىق پۇللىرىنىڭ ئىشلەپ تاپقۇچىسى ئىدى. كىچىككىنە نازۇك غۇنچىلارنى توڭگۇزلارنىڭ نەپسىنى قاندۇردىغان ئويۇنچۇق قىلىپ بەرگەن بۇ ھايۋان ھازىر> ئاكىلىق<تونىغۇ ئورۇنۇپ ،يۈزلىرگە ھارام قانلىرى يۇگرۇپ خىلى رەڭ تۈزەپ قالغاندى.

-ھەي ئىمىن دىگەن ئىتنىڭ كۈچۈكى! بۇدا يەنە شۇنداق كۆزۈمنى غەلەت قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان بولساڭ تىرەڭنى تەتۈر سويۇپ داپ كىرىمەن. بۈگۈن ساڭا تاماق يوق شۇم،كۆزۈمدىن يوقال،ھەممىڭ يوقۇلۇش.

كىچىككىنە گۈندىخانىدا ،پاسكىنا ،زەي يەردە تىقىلىشىپ ياتقان بۇ سەبىيلەر ئۈستىدە قوغلاشماق ئويناۋاتقان چاشقانلارغىمۇ پەرۋا قىلىشقۇدەك ھالى يوق، پەس ئاۋازدا بىر-بىرگە ئۆتكەن كۈنلىرنى سۆزلەپ بىرىشىدۇ. ئاپىسى ئىچ دەپ زورلىغان سۈتلەرنى چاندۇرماي تۆكۈۋەتكەنلىرنى ،قۇۋۇۋەت بولىدۇ دەپ يانچۇقىغا سىلىپ قويغان ياڭاقنى ئۆيدىن چىقىپلا بىر-بىرگە ئىتىپ ئويناپ تاشلىۋەتكەنلىرنى تەكرار -تەكرار كۆز ياشلىرنى تۆكۈپ تۇرۇپ بىر-بىرگە دەپ بىرىدۇ. ئەڭ كىچىكى 8 ياش،چوڭى 14 ياشلىق بولغان بۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى قۇرغۇچىلىرنىڭ ،ئۇيغۇرنىڭ ئۈمۈتلىرنىڭ ھازىر ئارتۇقچە ئارزۇسىمۇ قالمىغان،ئۇلار پەقەت خوجايىنىدىن تاياق يىمەسلىكنى،بار ھۈنىرى بىلەن پۇل تىپىپ چوشقىغا سىلىپ بەرسە كۆڭلى ئىلىشىدىغان بىر قاچا يۇندا تاماقنى ئىنتىزارلىق بىلەن

كۆتۈشىدۇ.پۇل ئۆچۈن ئاتا-ئانىسىنى سېتىۋېتىشتىن يانمايدىغان بۇ> ئۇيغۇر<خوجايىنلار شىنجاڭنى باشقا شەھەرلىكلەرگە> ئوغرى،قىزلىرى پاھىشلىككە بەك يارايدۇ <دەپ تونۇشتۇردۇ. ئەگەر سىز ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بىرىپ ياتاق ئىزلىسىڭىز ئىشىڭىز بەكمۇ تەس،چۈنكى سىز ئۇيغۇر. سىزنىڭ مىللەت كىملىكىڭىزنى بۇ يەردە ئالالقاچان بىر كىملەر سېتىپ بولغان. ئۇلار سىزنىڭ ناھايىتمۇ مەدەنىيەتلىك ،ئالىملار كۆپلەپ چىقىپ،20 ئەسىرنىڭ ئاخىردىن باشلاپلا بۇزۇلۇپ كەتكەن مىللەت ئىكەنلىكىڭىزنى ئاندا-ساندا بىلىدۇ خالاس.ئوتتۇرا ئەسىرلەردە دۇنيانى سورىغان ئەمەس، ئوغۇرلۇق ،بۇزۇقچىلىقتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ بىرۋاتقان ئۇيغۇر دەپ قارايدۇ.

-غەيرەت پالكۆزما؟

-ھى ھى ئاكا مەن شۇ،-دېدى قىزلارنىڭكىدەك ئىنچىكە بىر ئاۋاز قارشى تەرەپتىن .

-ئۇكام مەن ئىككى كۈندىن كىيىن شىنجاڭغا بارماقچى ،ماۋۇ قول ئاستىمدىكى شۇملارنى ساڭا تاپشۇراي دەيمەن سىنىڭ بۇنداق ئىشلارغا خىلى ئىپىڭ بار. ئىش ھەققىڭ بۇرۇنقىدىن يۇقۇرى بولىدۇ.

-چاتاق يوق ،ئاكا ئەتىلا يىنىڭغا بارىمەن.

-ok

سىرلىق كۈلكىسى بىلەن تىلىفون تورۇپكىسىنى ئورنىغا قويغان ئەرشىدىن بۇ قېتىم ئالاھىدە پىلان تۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆرۈمچىدە خىلى كۆپ شېرىكلىرى بولۇپ،بۇ قېتىم بارغاندا ئەڭ چىرايلىق قىزلاردىن 25 نى تاللاپ،ئۇسسۇلچىلىق يولى بىلەن ئەكەلمەكچى . ئۇنىڭ مەقسىتى قىزلارنى پاھىشلىككە سىلىپ،ھازىرقى پايدىسىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق پۇل تېپىش، يەنە تىخى ئۇنى قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ دەپ ئەيىپلەيدىغان ئاتا-ئانىسىنىڭ يىنىغا بىرىپ بىر كاللەك پۇلنى چاققىدە قويۇپ ئۆزىنىڭ قالتىس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئىدى.

ئالاھىدە ياسانغا ئەرشىدىن بايۋەتچە يامغۇرلۇق بىر كېچىدە شىنجاڭغا يول ئالدى. ئۇ بارسا پەرىزاتتەك گۈزەل 25 ئۇيغۇر قىزىنىڭ مەڭگۈلۈك بەختىگە ئولتۇردۇ. ئۇ بارسا مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئانىلىرى بولغان 25 ئۇيغۇر قىزى ئۆز ئايىقى بىلەن ئازاپ يولىغا ماڭىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ كىچىك يوقىتىش ئەمەس، چۈنكى بىزدە> ئەرشىدىن <لەر بەك تولا.

dewir.blogbus.com

**ئۇسۇلچى قوبۇل قىلىش ئېلانى**

**شاڭخەي شەھەرلىك يېڭى دۇنيا ئۇسۇل ئۆمىكىگە ئۇسۇلچى قوبۇل قىلىمىز**

**يېشى 16 ياشتىن 22 ياشقىچە**

**بويى ئېگىزلىكى 150 :تىن 180 گىچە**

**ئېغىرلىقى : 45ـ60 قىچە**

**مەدەنىيەت سەۋىيەسى چەكلىمە يوق،لېكىن خەنزۇچىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان بولىشى كېرەك .**

**>ئۇسۇلدا ھەقسىز تەربىيەلىنىدۇ <چىراي ـ تۇرقى كېلىشكەن.بەدىنىدە تارتۇق بولماسلىقى كېرەك.**

**ئايلىق مائاشى 1800 يۈەندىن 3000 يۈەنگىچە،ياتاق،تاماق سىرتىدا.**

**پاھ،ئىلان ئەتراپىغا ئۇلىشىپ كەتكەن قىزلار بىردە بويىغا،بىردە بەدىنىنىڭ ئۇ يەرـ بۇ يەرلىرگە قارماقتا.**

**ـ ئەجەپ ۋاقتىدا كۆرۈپتىمەن. سەنئەت مەكتەپتە بىكار ئوقۇپتىمەن دەپ يۈرۈپتىمەن تېخى.ئايلىق مائاشى 3000 يۈەنگىچە ئىكەن تېخى رەناغا تىزراق خەۋەر قىلاي،سان توشۇپ كەتمىسۇن يەنە.**

**ـئاشخانىدا ئايدا 250 كوي ئېلىپ ئىشلىگەندىن شۇ يەرگىلا بارمايمەنمۇ،ئالايتەن ئۈرۈمچىگىمۇ كەلدىم مانا،بىچارە ئاتا ـ ئانام ئازراق بولسىمۇ كۆڭلىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ قالار**

**مانا پۈلنىڭ سانىنى كۆرۈپلا باشقىنى كۆرمىگەن بىر نەچچە قىزلار ھېچنىمىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئۆز ئايىقى بىلەن> ئۇسۇلچى <بولۇشقا تالىلاندى.**

************

**ئۇف،چارچاپ ئۆلەيلا دېدىما.**



dewir.blogbus.com

قولىدىكى ئىغىر سومكىلار سەۋەبىدىنمۇ ئىشىكنى ئارانلا ئىچىپ كىرگەن رەيھان ئۆيىدە ئەكرەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ لاسسىدە بوششىپ قالدى. سومكىلارنى تاشلىدىدە،ئاپىسى سىلىپ بەرگەن تاتلىق-تۈرۈملەردىن ئازراق ئىلىپ مايسىخاننىڭ يىنىغا چىقتى.

-ئەسسالام ئاچا

-ۋەي قىزىم قايتىپ كەلدىڭىزما؟ قىنى يۇقۇرغا ئۆتۈڭ،-دىدى مايسىخان قىزغىنلىق بىلەن. قاچان قايتىپ كەلگەنتىڭىز؟

-تىخى هازىرلا كىلىشىم ئىدى، ئەكرەم سىرتتا چىقىپ كەتكەن چىغى. ماۋۇ نەرسىلەرنى ئاپام بەرگەن،ئازراق بولسىمۇ تىتىپ بىقىڭ ئاچا،

-بەكلا ئاۋارە بولۇپ كىتىپسىزغۇ قىزىم، جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ،قىزىق چاي ئىچسىڭىز هاردۇقىڭىز چىقىدۇ،-دىدى گۈلسۈمخان چاي دەملىگەچ.ئاپىلىرىڭىز ياخشى تۇرۇپتىمۇ؟

-هەئە،مىنى يوقاپ كەتمەي پات-پات كىلىپ تۇر دەيدۇ،ئەكرەمنىڭ ئاتا-ئانىسىنىمۇ يوقلاپ چىقتىم،ئەسلى كىلىن بولغانكى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلسام بولاتتى، لىكىن مۇشۇ يىزىدا ئىشلەپ قالدۇق.

-خىزمىتىنى قىلىۋالدىغان ۋاقىت دىگەن ئۇزۇن قىزىم ،قانچە ياشقا كىردىڭىز بۇ يىل؟

24-كە

-گۈلدەك چاغلىرىڭىزكەن ئەمەسمۇ ،سىزدەك چىرايلىق ،هەممە يەرلىرى قامالاشقان چوكان ئاز جۇمۇ،چىچىڭىزنى كىسىپ سالماڭ جۇمۇ،سىزگە قارىسام هەقىقى ئۇيغۇر قىزىنى كۆرگەندەك بولىمەن، ئاۋۇ نادىرە ئۇنىمىغىنىمغا قويماي بىر ئوبدان چىچىنى بۇدرە قىلىۋاپتۇ قۇش چاڭگىسىدەك. ئەكرەم ئىككىڭلارغا بەكمۇ هەۋىسىم كىلىدۇ،ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز دىگەن شۇدە، كۆز تەگمىسۇن بالام هى هىھ

كونىراپ كەتكەن ياغاچ ئىشىكنىڭ غاچ قىلىپ ئىچىنىشلىق ئاۋازدا ئىچىلىشى بۇ هەمداستىخانلارنىڭ

پارىڭنى ئۆزۈپ قويدى.

بوسۇغىدا ھەيكەلدەك قىتىپ تۇرغان،قارا كاستيۇم ـ بۇرۇلكا،قارا كۆزەينەك،قولىدا قارا چامادان كۆتۈرگەن بۇ> قارا<ئىنساننى مايسخان دەماللىققا ئىلغا قىلالمىدىيۇ. بىر نەچچە سىكىنۇتتىن كيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشتانىنىڭ پۇشقىقىغا پۇتلىشىپ يۇرىدىغان ئەتۋارلىق ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قۇچاقلىرىنى كەڭ يىيىپ بالىغا يۈگۈردى.

ـجىنىم بالام بۇ سەنمۇ؟

ئالدىغا يۈگرۈپ كەلگەن ئانىنى سوغۇق قۇچاقلىرى بىلەن قارشى ئالغان بۇ ۋاپاسىزنىڭ كۆزلىرى تەمتىرەپ ،نىمە قىلارنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالغان رەيھانغا چۈشكەن ئىدى. ئۆزىگە ئەسەبىيلەرچە تىكىلىپ تۇرغان جىرتاق كۆزلەرنى قارا كۆزەينەك ئارقىسىدىن رەيھان بايقىيالمىدى.

سىلەرنى سىغىنىپ كەلدىم ئاپا، بۇ خىنىم كىم ئۆزى؟ بۇرۇن كۆرۈپ باقماپتىكەنمىنا؟

ئاۋال قولۇڭدىكىنى قويۇپ يۇقۇرغا ئۆت بالام،ــدېدى مايسخان ئوغلىنىڭ بىزەڭلىكىدىن خىجىل بولۇپ. بۇياق يىزىلىق دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى،ئەر ـ ئايالالار ھازىر بىزگە خوشنا ئولتۇردۇ .

ـئەر ـ ئايالالار دىگىن،مەن تىخى، ھى ھى كۆزىنىڭ يىغىنى يىگۈدەكلا چىرايلىق ئىكەنا،،،

مايسخان كىلە ـ كەلمەيلا باشلانغان قىلىقسىزلىقتىن بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ئانا ـ بالا ئىككىسىگە قاراپ نىمە قىلارنى بىلمەي قالغان رەيھان تىزراق چىقىپ كىتىش ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈردى>.مايسخان ئاچام بۇنداق ئوغلىنىڭ بارلىقنى ئەجەپ ئىيتماپتىكىنا <دېدى ئۇ دۇئا قىلغاچ.

ـكەچلىك تاماقنى مۇشۇ يەردە قىلايلى قىزىم،تاغىڭىز ئەتىگەن قوي سويغان، يىڭى گۆشتە ئوخشۇتۇپ بىر مانتا قىلايلى،ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغلۇمۇ قايتىپ كەلدى.

ـچوڭ ئايالنىڭ گىپىنى يىرالمىغان رەيھان ماقۇل دەپ ئۆيىگە يىنىپ چىقتى.ئۇ تىز ـ تىز قەدەملەر بىلەن ئۆيىنىڭ ئىشكىنى ئىچىپ كىرىشىگىلا ئەكرەم ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋىلىپ بىر ئىغىزمۇ گەپ



dewir.blogbus.com

قىلىشقا پۇرسەت بەرمەي سۆزلەپ كەتتى.

ـئىككى كىچە سەن يوق،مىنى دەششەت قار بىسىپ كەتتى دىگىنە ،بۈنىڭدى كيىن شەھەرگە كىرسەڭ قونماي يىنىپ چىك جۇمۇ جىنىم.

ـقويىڭە سىزنى ،ئەركىشى تۇرۇپ قورقۇنچاقلىقنى،يەۋەتسچۇ چىشى جىنلاردىن بىرەرسى

ـهى هى سىنى سىغىندىم،نەگە كەتتىڭ سومكىلارنى تاشلاپ قويۇپ؟

ـمايىسخان ئاچامغا ئاپام بەرگەن يىمشلاردىن ئازراق بىرەي دەپ كىرگەن .بىردەم ئولتۇرسام يوچۇنلا بىرسى كىرىپ كەلدى،شۇنىڭ بىلەن يىنىپ چىقتىم. كەچتە بىرگە تاماق قىلايلى دەيدۇ،ماقۇل دەپ قويدۇم تىخى. ھە راس ئاپامالار سىزگە دەپ بىر نەرسلەرنى سىلىپ بىرىۋاتاتتى ئەتىۋارلىق كۆيئوغۇل،ئۆزىڭىز كۆرىڭە ئىلىپ، يەنە بىر گەپ سىز دىەەن كىتاپ تىخى كەلمەپتۇ كىلەرقى قىتىم كىرگەندە ئىلىپ قوياي دەيدۇ .بىردەم ئۇخلىۋالاي،ھىرىپ كەتتىم

ـماقۇل خوتۇن ،بىردەم ئۇخلىۋال،،،،


رەيھان مانتىنىڭ قيىمىسىنى قىلغاچ ،چايخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئەكرەم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسىمۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئۆزىگە تىكىلىپ قالغان كۆزلەر بىلەن كۆز بىقىشىپ قىلىپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. نىمانداق تەلەتى سەت بىر نىمىدۇر،ئادەمگە ئىش تىپىپ بەرمەس دىگەنلەرنى خيالىدىن ئۆتكۈزدىيۇ،بەلك ئارتۇقچە ئويلاپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلىپ ئىشنى داۋاملاشتۇردى،لىكىن بۇ سىرلىق قاراشلار يەنە نەچچە قىتىم يۈز بەردى.

ـكاساپەت،بىر يۇتۇم سۇ بىلەن يۇتۇۋەتكۈدەكلا چىرايلىقكەنا. پاھ،پاھ،ئاپئاق بويۇنلىرى، تولغۇشۇپ تۇرغان چاچلىرى،ئادەمنى مەس،ئەلەس قىلىپ قويدىغان ئاۋۇ خۇمار كۆزلىرى يۈرەكلىرىمنى ئوينىتىپلاۋەتتىغۇ. ئۇف، بۇ تۇمۇچۇقنىڭ ۋىسالىغا يىتىدىغان بىرەر يولنى تاپمىسام بولمامدۇ نىمە،ماڭا نەدە داردىن قاچقان قىرى خوتۇنلار ئۇچرايدۇ، مۇشۇنداقتىن بىرسى ئۇچرىسا 10 ياش

**ياشرىپ كەتمەسمىدىم، ۋاي يۈركىم**

**كۆڭلگە بىر دەمدە نەچچە خىل خىياللارنى پۈككەن ئەرشىدىن ئۈدۈلدىكى ئۆيىنىڭ چىرىقى ئۆچكىچە قاراپ ئولتۇدى.**

**خــــــــــــــــــــەپ**





dewir.blogbus.com




dewir.blogbus.com

ــھىلقى بىر كەلگەنچە بۇ يەرگە قايتا كىلىپ باقماپتۇق ھە رەيھان،ــدېدى ئەكرەم ئۆستەڭ قىرىدا سالقىن شامالدىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرغان ئايالىغا قاراپ.

ــشۇنى دەيمەن،خىزمەت قىلىمىز دەپ بىر يىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قاپتۇق. دىگەن بىلەن مايىسخان ئاچىنىڭ ھىلقى بالىسى ئۇزاق تۇرمىدى بۇ يەردە،بولمىسا ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر مىنۇتمۇ ئولتۇرغۇم يوقتى.

ــقانداق دەيسەن خوتۇن؟

ــنىمىگە بولاتتى، ئۇ بىرنىمىنى كۆرسەملا بەدىدىنىمىگە تىترەك ئۇلىشىپ كىتىدۇ.ئۇنىڭ ئۇستىگە كىلە ھەپتە بىلىم ئاشۇرۇشقا ماڭىسىز، سىز كەلگۈچە بىرەر ئىش بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرگەن ئىدىم.خۇداغا شۈكرى ئۇ ئاۋال كەتتى،پاك مۇھەببەتنى ئاللاھ ئىگەم قوغدايدىكەن.

ــئارتۇقچە خىياللاردا بولما خوتۇن،ــدېدى ئەكرەم ئايالىغا .

ــئۇغۇ شۇ،سىز كەلگۈچە تاقىتىم-تاق بولىدىغان بولدىدە،-دېدى قىز كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ

ــبارماي دىسەم يا ئۇنمايسەن،مەن كەلگۈچە شەھەردە ئىشلەپ تۇر دىسەم ئۇنىمغىمۇ كۆنمەيسەن،سېنى بۇ يېزىدا تاشلاپ قويۇپ بىر كۆزۈم ئارقىدىلا كىتىدىغان بولدىدە ئەمدى.

ــمەنلا ئەمەس،سىزنى ساقلايدىغان يەنە بىرسى بار جۇمۇ،ــدېدى رەيھان قىزارغىنىچە.

ــبىلىمەن جىنىم، ئۆزەڭگە قاتتىق دىققەت قىل، مەن قايتىپ كەلگۈچە ئىغىرلىشىپ كىتسەڭ ھە قاچان،سېنى جاپاغا قويىدۇم،بۇرۇن بەرگەن ۋەدەمدە تۇرالمىدىم.

ــئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، بىر ئوبدان تۇرمامدىمەن،بىر نەچچە ئايلاردىن كىيىن ئۆيۈمگە كىرىپ كىتمەن ئەمەسمۇ،ئەنسىرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق،جۈرىڭە ئۆيەگە قايتايلى،نەرسە-كىرەكلىرىڭىزنى تەييارلاپ بىرەي.

ــماقۇل ئوماق شۇم

ئەمما بارلىق كۆڭۈلسىزلىك،جۇدۇنلۇق كۈنلەرنىڭ ئەكرەم يېزىدىن ئايرىلىش بىلەنلا باشلىنىدىغانلىقنى رەيھان خيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى.

يولدىشىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كىيىن تىنىمۇ يالغۇزلۇق ھىس قىلغان رەيھان بىكا قالغان تولا ۋاقىتلارنى مايسىخان ئاچىنىڭ يىنىدا ئۆتكۈزدى.

تولىمۇ ئاق كۆڭۈل،خۇددى ئاپىسىدەكلا مىھرىبانبۇ ئايال، قىزغا قانداق قىلسا ھامىلىنى ياخشى كۈتكىلى بولىدىغانلىقنى ئۆگىتەتتى.

ئەمدىلا ئىككى ئايلىق بولغان ھامىلە رەيھاندا بەكمۇ ئۇلۇغ ئانىلىق مىھرىنى ئويغاتقاندى. دۇنيادىكى جىمى ئانا بولغۇچىلار بىشىدىن كەچۈرىدىغان بۇ ھامىلدارلىق مەزگىلى،ئانا بولغۇچى كىشىگە ئارزۇ-ئۈمىت،پەرزەنت ئىشقىدىكى بەختىيار تىلەكلەرنى ئاتا قىلىدىكەن. كىچىككىنە تۆرەلمىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئۆزقىنى بىلەن يۇغۇرۇپ كىتىدىكەن ئەمەسمۇ......

ئۇ ئۆزىنىڭ ئانا بولىدىغانلىقىنى بىلگەندە ئەكرەم ئايالىدىن ئۆتە خوشال بولغان ئىدى:

ــجىنىم رەيھان،مىنى تولىمۇ بەختلىك قىلىدىغان بولدۇڭ دەپ.

ــئىككىمىز ئوخشاش

dewir.blogbus.com

ــشۇنداق ئىككىمىز تەڭ  بەختلىك تاتلىق.

ئۇ ئايالىنى تىخمۇ چىڭ قۇچاقلىدى،شۇ چاغدا رەيھان تولىمۇ سۆيۈنۈپ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايال ھىساپلىغان ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ يەنە  ئەكرەم بىلەن بىر كىچە دىگۈدەك ئۇخلىماي پاراڭلىشىپ چىققان

ــبالىنىڭ ئىسمىنى  نىمە قويىمىز رەيھان؟

ــسىزنىڭ خالىغىنىڭىزچە بولسۇن،ــدېدى ئۇ بەختىيار كۈلكىسى  بىلەن

ــئاللاھ نىسىپ قىلىپ قىز تۇغساڭ ئىسمىنى لالە قويايلى،خۇددى سەندەك  ئاپئاق،،خۇمار كۆزلۈك بىر قىز بولسۇن. ئوغۇل تۇغساڭ نۇرتاي قويايلى،نۇرتاي ھاجىمدەك ساخاۋەتلىك بولۇشقا ئاللاھ نىسىپ قىلسۇن

ــھى ھى ماقۇل

بۇ سۆھبەتلەر بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ،ئەكرەم ئۇنىڭغا تاتلىق ئەسلىمىلەرنى ھەمراھ قىلىپ،پىشانىسگە يىنىك سۆيگەنچە بۇ قەدىردان ئايالىدىن قىيالماسلىق ئىچىدە ئايرىلدى. رەيھان يولدىشىدىن پات-پات كىلىپ تۇردىغان تىلىفۇن،يەنە ئۇلار قالدۇرغان گۈزەل ئەسلىمىلەرنى ئەسلىگەچ ئالدىراش ئىشلەيتتى.






dewir.blogbus.com

*****************

ـئەجەپ ئىسسىمدىن چىقمىدى ھېلىقى تۇمۇچۇق

ـكىمنى دەيسەن ۋا ئاكا؟

ـئۆتكەندە ئۆيۈمگە بىرىپ كەلگىنىم ئىسىڭدىدۇر،ــدېدى ئەرشىدىن ئالدىدىكى توخۇ پاچىقىنى يالماپ يۇتۇۋاتقان غەيرەت پالكۆزگە

ـشۇنداق

ـھويلىدىكى بىكار قالغان ئۆيىنى،شەھەردىن خىزمەتكە چىققان ياش ئەر-ئاياللارغا ئىجارە بىرىپتۇ دىگىنە. ھېلىقى ئايالى كاساپەت ،كۆزنىڭ يىغىنى يىگۇدەك گۈزەلكەن ئەمەسما

-ھەي ئاكا .ئەتراپىڭدا تىرناقتا توختىغۇدەك نى-نى قىزلار تۇرسا ئەمدى خەقتىن ئاشقان خوتۇنغا كۆزۈڭنى قىزارتىپ يۈردۈڭما،ــدېدى ئۇ خوشامەت ئارلاش.

ـماڭاۋا گۇي، ئاۋال كۆرۈپ باقە سەنمۇ،زۇۋانىڭ تۇتلۇپ قالىدۇ .مەن مۇشۇ كەمگىچە ئۇنىڭدەك ئوماق ،تەبىئىي گۈزەلنى كۆرۈپ باقمىغان، يۈركىمگە ئوتنى يىقىپلاۋەتتى،شۇنچە قارسامۇ ماڭا قارار كۆزى يوق، ئارانلا قايتىپ كەلدىم دىگىنە بۇ يەرگە.

ھە راس ھېلىقى> ئۇسۇلچىلار<نى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغانسەن ھە؟

ـھى ھى ئورۇنلاشتۇرمامدىغان،تازا ئەپلىدىم دىگىنە،ئارلىقتا بىر قانجۇقنىڭ ئۆلتۇۋالغىنىنى ھىساپقا ئالمىغاندا قالغانلىرىغا پىچاقنى بىلەپ بىرلا تەڭلۇۋىدۇق زۇۋانى ئۆچتى، ھازىر سودىمىز بەك ياخشى دەيمەن،خىرىدارلار كۆپ، كىرۋاتقان كىرىمنى ئۇدۇللۇق بانكا ھىساۋىڭغا ئۇرۇپ تۇردۇم.

ـيارايسەن،بىر ئىش،،،،،كىلە ھەپتە مەن يەنە شىنجاڭغا باراي دەيمەن،بۇ قىتىم ئازراق> تاماكا < ئىلىپ بارغاچ ھېلىقى خىنىمنى بىر كۆرۈپ كىلەي،،،ئاھ يۈركۈم، ھى ھى

ـھازىر ۋاقتى ئەمەس دېدى پالكۆز جىددىي تەلەپپۇزدا، ساقچىلار قاتتىق ھەركەتتە ھازىر، بولسا بىر ئىككى ئايلاردىن كىيىن چىق،قىز تۇرماق بىشىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالىسەن بىكا،،،،

ـبۇمۇ توغرا مەسلىھەت،بولدى ئىشىڭغا ماڭ، مەن چىقىپ شۇمتەكلەر تاپقان پۇلنى ئۆتكۈزۋالاي بۇلارنىڭ ئىچكىردىكى بەختلىك ھايات كارتىنىسى مانا مۇشۇنچىلىك .پۇل،تاماكا،قىز ئۇلارنىڭ ھايات نىشانى،ئۇلاردا نە ۋەتەن، نە خەلقى يوق،،،،،،،،،،،،ۋەتەن ،مىللەت دەپ قاقشىغانلار بۇلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت ئارتۇقچە ئاخماق كىشىلەر خالاس

شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە ئايىنى تولىمۇ تەستىلىكتە ئۆتكۈزگەن ئەرشىدىن بۇرۇنقى خوجايىنىق سالاپىتى بىلەن مۇقەددەس ئانا ۋەتىنىگە ئىككىنچى قېتىم مەينەت ئايىقىنى باستى .



8




dewir.blogbus.com

ھەش-پەش دىگۈچە ئۇ كەتكەنگە ئىككى ئاي بولۇپ قاپتۇ ،-ئويلىدى رەيھان تەشتەكتىكى گۈللەرگە سۇ قۇيغاچ. بۇ ئۇنىڭ ئەكرەمگە ئەڭ مۇھتاج مەزگىللىرى بولۇپ،ئۇنىڭ قايتىپ كىلىدىغان ۋاقتىنى بىلىسمۇ ھەر كۈنى چىقىپ يولىغا قاراپ كىتەتتى. ھىجرانلىق كۈنلەرنى يولدىشىدىن ئانداـساندا كىلىپ تۇرغان تىلىفۇن بىلەن قانائەتلەندۈرەتتى.

جىم يات،ــدېدى رەيھان قورسىقىنى ئاستا سىلاپ،خۇدا بۇيرىغان بىر كۈنى چوقۇم چىقىسەن بۇ دۇنياغا.

ــھوي رەيھانگۈل،بارمۇ سىز خان؟

مايىسخانىنىڭ سوزۇپ چاقىرغان ئاۋازى ئۇنىڭ خىياللىرنى ئۈزۈپ قويدى.

ــھە،مانا ھازىر چىقىمەن ئاچا

ــماڭا قاراڭە قىزىم ،-دېدى مايىسخان ھاسراپ تۇرۇپ،شۇنداق ئالدىراش كىردىم خوشنىنىڭ ئۆيىدىن، كىچىك قىزى قولىغا قايناقسۇ تۆكىۋاپتۇ، بىر قاراپ قويامسىز،بۈگۈن شەنبە دەپ دوختۇرخانىنمۇ ئاچمايدۇ.

ــماقۇل ھەدە جۈرۈڭ ئەمسە

بىلىكىنىڭ تۆۋىنى شەلۋەرەپ كەتكەن قولنى كۆرۈپ،رەيھانىنىڭ شۇنداق كۆڭلى ئېلىشىپ كەتكەن بولىسمۇ، ئۆزىنى قاتتىق تۇتتۇۋېلىپ چىرقىراپ يىغلاۋاتقان قىزنىڭ قولىنى كۆرۈشكە باشلىدى.

مايىسخان ،رەيھاننى قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئوغلى ئەرشىدىن چامادىنىنى تاكسىدىن چۈشۈرۈۋاتاتتى. ۋاي جېنىم بالام ،كەلدىڭمۇ ،ــدېدى مايىسخان خالار-خالىماس قۇچاق ئېچىپ كەلگەن بالىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ. ئاپىسىغا ئەگىشىپ قوراغا كىرگەن ئەرشىدىنىڭ كۆزلىرى ئوغرى مۈشۈكتەك نىمىنىدۇر ئىزلەۋاتاتتى .

ــدادام قىنى ئاپا؟

ــئېتىزغا كەتكەن، سەل تۇرۇپ كىلىپ قالامىكىن.



dewir.blogbus.com

ـماۋۇ قوشنىلار كۆچۈپ كەتتىما؟

ـياق

ئۇڧ،سىرلىق كۈلدى ئەرشىدىن. ئەمدى ھىلىقى گۈزەلنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلاي

ھىرىپ-چارچاپ كىرگەن رەيھاننىڭ كۆزى ئەرشىدىنگە چۈشۈشى بىلەنلا ئەرۋاھى ئۇچتى .

ـسالام خان

ـياخشىمۇ،ئۇ شۇنداق دەپلا كەينىگە قارماي ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ھىم،كاساپەتنىڭ ھالى خىلى بار ئۆزىچە ،قىنى قاراپ تۇر،كەينىمدىن ئۆزەڭ يۈگرەيدىغان بولىسەن،

شۇنچە قاش ئاتسام قاراپمۇ قويمايدا مەندەك كىشىكەن يىگىتكە. ئەمدى ئىشمنى باشلاي.

ـنىمانداق ھويلىنىڭ ئوتتۇرسىدا بۇتتەك قىتىپ تۇرۇپ كەتتىڭ؟ـدىېدى ئاسىم مۇرسىدىكى كەتمەننى

يەرگە تاشلاپ.

ـھى ھى كەلدىڭمۇ دادا

ـكۆرمەيۋاتامسەن،،،،قاچان كەلدىڭ؟

ـتىخى بايا كىلىشىم، سۆزىدىن بۇرۇن ھىجىيىپ كەتكەن ئەرشىدىننىڭ كۈلكىسى دادىسىغا تىخىمۇ

ياسالما تۇيۇلدى> .يەنە نىمە شۇملۇقلارنى ئويلاپ كەلگەندۇر <بۇ دىگەنلەرنى تىزلىكتە خىيالدىن

ئۆتكۈزدى. چۈنكى ئوغلىنىڭ مىجەزى ئاتىغا بەش قولدەك ئايان

ـجۆرە ،ئۆيگە كىرلى،ھازىرلا قايتمايدىغانسەن،ـدىېدى

ـھى ھى ،ياقەي بىرەر-ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قالامەنمىكىن،دادا

ـنىمە ئۇ خانىغا قاراپلا قالدىڭ،ـدىېدى ئاسىم بىزرىپ ئولتۇرغان ئوغلىغا ئاچچىق بىلەن

ـنەدە ئۇنىڭغا قارايمەن

dewir.blogbus.com

ــمىنى بىلمەيدۇ دەپ قاپسەندە بالام،يىلاننىڭ كۆشىگىننى بىلدىغان ئادەممەن،يولدىشى ئازكۈندە قايتىپ كىلىدۇ،خەقنىڭ خوتۇنىغا كۆز قىزارتىپ يۈرمە، ماۋۇ يېزىدا بىزنىمۇ ياشىغلى قوي بولامدا؟

ــئەنسىرمە ،ۋا،،، خەقنىڭ خوتۇنىغا چاقچاق قىلمىسامىمۇ هازىر ئەتراپىمدا قىز دىگەن جىق<دادىسىغا يۈزسىزلەرچە ئىيتىلغان بۇ گەپنىڭ ئاستىدا،نۇرغۇن مەنالار بار ئىدى.<

ئەرشىدىن هىچ بەرگە بارماي ئەتىگەن-كەچتە رەيهاننى كۆزىتىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى.

ئەنە رەيهان ئالدىراش ئۆيىدىن چىقتى،پەرىزاتقىلا ئوخشايدىغان زىلۋا،چېچەنلىك چىقىپ تۇردىغان ئويناق كۆزلىرى،تال-تال كىرپىكلەر بىلەن ئورالغان،خۇددى ئاللاھ بار گۈزەللىكنى شۇ قىزغا بەرگەندەك. ئىنچىكە قاشلار،،،،،ئاۋۇ لەۋلىرچۇ تېخى. هەي بويىدا بارمۇ نىمە؟ تازا سەپسىلىپ قاراۋاتقان ئەرشىدىننىڭ كۆزلىرى قىزنىڭ بىلنەر-بىلنمەس كۆتۈرۈلگەن قورسىقىغا چۈشتى.

هــــــــــــــارامىلىق

ئۇ پۇرسەت كۈتىۋاتاتتى،ئاتا-ئانىسى مۇشۇ قورادا بار ۋاقىتتا قىزغا يىقىنلىشدىغان پۇرسەت ئۇنىڭغا نەدە تۇرۇپتۇ،رەيهاننىڭ قوپال مۇئامىلىسى ئۇنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇپ بىرۋاتاتتى. لىكىن ئۇ تورنى تېخىمۇ كەڭ يېيىپ ئۆزىگە ئەڭ ئەپلىك،قولايلىق پۇرسەت ئىزلەپ،ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ ساخاۋەتچىسى بولۇشقا تەييارلاندى. ئۇ مەهەللىدىكى بىر نەچچە،هاراق دىسە جىنىنى بىرىدىغان،تۈل خوتۇندىنمۇ ئۆتە ۋات-ۋات بىر نەچچە كىشىگە ئازراق بۇل بەردى ۋە ئۇلارغا هىچكىمگە چاندۇرماسلىق شەرتى بىلەن ئۆز تەلىپىنى ئوتتۇرغا قويدى:

ــمىنىڭ دىگىنىمنى ياخشى ئورۇندىيالساڭلارلا ئىش پۈتكەندىن كىيىن يەنە 200 يۈەندىن قوشۇپ بىرىمەن، چوڭ ئىشمۇ يوق ،بىزنىڭ ئۆيدە قوشنا ئولتۇرۋاتقان رەيهان دوختۇرنىڭ ئۇستىدىن ئۆسەك سۆز تارقىتىپ بىرىسىلەر،ئۇنى مەهەللىدىكى هىزمىكامىنىڭ يېڭى توي قىلغان بالىسى نەغمەت بىلەن قوناقلىقتا كۆرۈپ قالدۇق دەيسىلەر،ئامال بار خەق ئىشەنگۈدەك ئايماي ماهارىتىڭلارنى ئىشقا سىلىڭلار.

ــهى هى هى بۇ ئاسان ئىش دىيىشتى بۇ بىر نەچچە ئەخمەق كىشى.



dewir.blogbus.com

ــھىلىقى رەيھان دېگەن دوختۇر بارغۇ؟ ئاسمىكاملارنىڭ ئۆيگە چىققان

ــھە ،دېيىشتى ،كۆپچىلىك ھاراقكەشلىكى چىرايىغا چىقىپ كەتكەن بۇ بىر نەچچە ئادەمگە قاراپ.

ـمەھەللىنى بۇلغان بولدىغان بولدى،ئۇ بۇزۇق خوتۇن، بۇرۇنمۇ بىر نەچچە كۆرۈپ گەپ قىلمىغان ئىدۇق،ئاخشام يەنە،ھىزىمكامنىڭ يېڭى توي قىلغان ئوغلى نەغمەت بىلەن قوناقلىقتا دەل ئۈستىگىلا چۈشۈپتۇق دەڭلارا،،،،،،،ياۋ پانا

ــچاقچاق قىلمايۋاتقانسىلەر؟ توپلىشىپ ئولتۇرغان بۇ كىشلەر،ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە دەماللىققا ئىشەنگۈسى كەلمىدى .

ــياق،يالغان بولسا ،بىزنى خۇدا ئۇرسۇن

ــئۇلار يەنە خىلى كۆپ يالغان ياۋداقنى توقۇۋەتكەندىن كىيىن ،ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە كىشلەر بىلەن خوشلىشىپ كىتىپ قالدى. بۇ كىچىككىنە يېزىدا نىمىنى يوشۇرغىلى بولىدۇ دەيسىز، ئەرلەر ئۆيىگە كىرىپ ئاياللىرىغا،ئاياللار ئاڭلىمىغان قوشنا-قولۇم،قىز-ئوغۇللىرىغا ياقىسىنى چىشلەپ تۇرۇپ بۇ ئىشنى تىخىمۇ رىۋايەتكە ئايلاندۇرۇپ سۆزلەشتى. بۇ گەپ بىر نەچچە سائەت ئۆتمەيلا پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى. دوختۇرخانىدىن قايتىپ كىلىۋاتقان رەيھان ، ئادىتى بويىنچە دوقمۇشتا ئولتۇرغان ۋات-ۋات خوتۇنلارغا سالام قىلدىيۇ،ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىق،يىرگىنىش،ئۆچمەنلىك،،،،ۋەھاكازالار، ئۇنى بەكمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى .ھەر كۈنى كۈلۈپ قارشى ئالىدىغان مايىسخانىنىڭمۇ قارار تەلەتى يوق ئىدى. ئۇ رەيھاننى كۆرمىگەن قىياپەتتە قازان بىشىدا ئىشىنى داۋاملاشتۇردى

ــتوۋا،خۇدايىم،نىمە بولغاندۇ بۇ خەقلەرگە؟ مىنى يەيدىغاندەكلا قاراپ كەتتىيا ھەممىسى. مەن بىرەر ئىشنى خاتا قىلمىغان بولمىسا. رەيھان قولىدىكى سومكىسىنى قويۇشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۆيىنىڭ ئىشىكى جالاقلاپ ئىچىلدى. قوللىرنى بەلگە تىرەپ،غەزەپ بىلەن كىرۋاتقان گۈسمايخان بىلەن نەغمەتنىڭ ئايالى رەئىسەنى كۆرۈپ ئۇلارغا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرۇپلا قالدى:

ــھەي بۇزۇق! سەن ئازادۇرمىغان مىنىڭ يولدىشىم قالغانما ئەمدى؟ ئۆزەڭچە مەن چىرايلىق دەپ



dewir.blogbus.com

ئېرىمنى ئارقاڭغا سېلىپ يۈردۈڭما؟ يولدىشىڭ يوق ئەر سىغىنىپ قاپتىكەنسەنـدە ۋۇ رەسۋا !

ــنىمە؟ ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ ــدېدى رەيھان قۇلاقلىرغا ئىشەنمەي

ــھە مانا،ساراڭ بولدۇم،گۇسماي بىلەن رەئىسە ، رەيھاننىڭ ئۆزۈن چاچلىردىن تولغان تۇرۇپ بىقىنلىرغا تېپىشقا باشلىدى. قىزنىڭ چىرقىراپ ياردەم تەلەپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان مايسخان يۈگرەپ كىرگەن بولسمۇ بىلەتسز ئويۇن كۆرۋاتقاندەك ئىشىك يىنىدا ئىپادىسىزلا تۇراتتى. رەيھان ۋارقىرايتتى،ئۆزىنى قاتتىق ئازاپلاۋاتقان ئۆزۈن چاچلىرغا ئىسلىمدى،چۈنكى ئۇ قوللىرى بىلەن قورسىقىنى قوغداۋاتاتتى.بۇ چىشى يولۋاسلار ئۆرۈپ ھارغان چىغى رەيھاننى يەنە تىللاشقا باشلىدى.

ــجىنىم رەئىسە،مەن ھەرگىز يولدىشمغا ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان ئايال ئەمەس،ماڭا تۆھمەت قىلماڭلار قورسۇقۇمدىكى بالىنى بولسمۇ ئاياپ قويۇڭلار ،ــدېدى رەيھان ئۆكسۈپ تۇرۇپ

ــۋۇ بۇزۇق، خۇدادىن قورقۇمسەن سەن؟ ئاخشام سۇ تۇتىمەن دەپ بىر كىچە ئۆيگە كىرمىگەن ھىلىقى لامزاھللە،ئەسلى سۈنى سەن بىلەن> تۇتۇپتىكەنـدە . <تىخى ئۆيگە كەلمىدى،بولمىغان بولسا ئىككىڭنى بىر يەرگە ئەكىلىپ ،خەلقى ئالەم ئالدىدا ئوچۇق رەسۋا قىلاتتىم،ئاۋۇ قورسىقىڭدىكى شۇمنىڭ بولسىمۇ ھۆرمىتىنى قىلساڭ بولمامتى؟ كىم بىلىدۇ ئۇنىڭ دادىسى كىم. دوختۇرمىش تىخى ،ۋۇ ئالۋاستى .

ئۇلار تازا تىللاۋاتقاننىڭ ئۈستىگە ئەرشىدىن سىرىتتىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى.

ــھەي نۇمۇس قىلمايدىغان قىرى پاخشەكلەر. بىكاردىن نىمە خەقنى بوزەك قىلىشىسەن دەيمەن، سەن ئىرىڭنى تۈز باشقۇرالماي بۇ قىزنى ئۆرۈپ يۈردۈڭما،ــئەمدى كۆزۈمدىن يوقالمىساڭ بوغۇزلىۋېتىمەن،دېدى ئۇ يىنىدىكى يوغان پىچاقنى چىقرىپ .

ئەرشىدىننىڭ ئەلپازىدىن چۆچىگەن ئىككى ئايال، رەيھانغا قاراپ تۈكۈرگەنچە چىقىپ كەتتى. ئوغلىنىڭ قاتتىق پىداكار بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئەقلى يەتمىگەن مايسخان ،رەيھانغا قاراپ تەئەددىي بىلەن:

ــئەتىلا بۇ ئۆيدىن يوقىلىڭ خىنىم،بۇ سىزدەك ئايالار تۇردىغان ئۆي ئەمەس، بىكا بالاـقازا يىتىپ



dewir.blogbus.com

قالمسۇن  بىزگە،ــدەپ چىقىپ كەتتى.

تاياقتىن بەكرەك ،جىندىن ئۆتۈپ كەتكەن بۇ زەھەردەك گەپلەرنىڭ ئاخىرنى رەيھان پەقەت غۇۋا،چۈشتەك ئاڭلاپ قالدى

ئەرشىدىن قىزنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا يۈگۈرگەن ۋاقتتا نەغمەتنىڭ ئۆيىدىمۇ قاتتىق بوران كۆتۈرۈلگەن ئىدى. قورقۇمسىراپ بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ قالغان نەفىسە رەيھان يىگەنىدىنمۇ جىق تاياق يەۋالغان بولۇپ،يولدىشى ئىشكتىن كىرەر-كىرمەيلا ياقىسىغا ئېسىلىپ قىلغان كۆكەملىكنىڭ ھازىر بىرسىمۇ قالمىغان،يۈزلىرى كۆكىرىپ ،مىشىلداپ ئولتۇراتتى. ..

ــنۇمۇس قىلمايدىغان شەرمەندە،بىكاردىنلا چىقىپ خەقنىڭ خوتۇننى ئۇردۇڭما؟ ئالدىنقى ئايدا ئۆلەي دەپ قالغان ۋاقتتا يىرىم كىچىگىچە ساڭا ھەمراھ بولغان زادى كىم دەپ باقە ئىپلاس! خەق نىملا دىسە ئىشىنەمسەن ۋۇ كالۋا بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلەر.سەنچۇ ئاپا، قىرىغاندا ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ بىر گەپ قىلىشالىشىڭ بولمامتى،مىڭىشە ھازىرلا چىقىپ كەچۈرۈپ سوراش. بىشنى تۆۋەن سىلىپ چىقىپ كىتىۋاتقان ئايالى بىلەن ئاپىسىغا قاراپ تۇرغان نەغمەت چەكسىز خىجىللىق ئىچىدە قالدى.

رەيھان ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ۋاقتتا ئۇنى ئەيىپلىگەن قوشنىلىرى يەنە مايىسخان ئۆزرە سوراپ ئالدىغا كىردى. لىكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئاللىقاچان بۇ يىرىلىقلاردىن قالغان، ئىشنىڭ باش-ئاخىرنى سۈرۈشتۈرمەي نادانلارچە خەققە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغانلاردىن بىزار بولغاندى .




dewir.blogbus.com

ـئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار، منى ئارامىمدا قويۇپ چىقىپ كىتىڭلار،ــدېدى ئۇ سوغۇقلۇق بىلەن بۇ جەرياندا قاتتىق رول ئوينىغان ئەرشىدىن ھەر ھالدا قىزنىڭ ئەتىگەن-كەچتە بولسىمۇ ئىللىق سالىمىنى كۆردىغان بولدى،لىكىن ئۇ بۇ يول ئارقىلىقمۇ نىشانىغا يىتەلمەيدىغانلىقنى بىلدى ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمۈدى كىلەر ھەپتە قوشنا يېزىغا تويغا بارىدىغان ئاتا ئانىسى بىلەن ئېچكىردىن ئىلىپ چىققان ئازران خىرۇئىندا قالغان ئىدى.






9

بىر زامانلاردا ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ بىپايان باغرىدا ئارغىماقلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، سەييارىلەردەك ئەركىن ۋە بىمالال ياشاپ ئۆتكەن، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەدەنىيەت مۆجىزىسى

dewir.blogbus.com

يارتىپ، مەرىپەت يۇلتۇزى چاقناتقان ئۇيغۇرلار > يىپەك يولىنىڭ< چۆلدەرىشى بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئەسەبى دىنى خۇراپاتلىق، نادانلىق، قۇلچىلىق، پۈتمەس-تۈگمەس زۇلۇم-زالالەتنىڭ قۇيۇنلىرى ئىچىدە قارا تەقدىرنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇستەھكەم بىر مىللى ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت گۇمران بولۇپ پۈتۈن تارىم ۋادىسى زۇلمەتكە غەرىق بولدى. تەڭرىتاغ ئانا غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتتى. دولقۇنلۇق ئىلى دەرياسى جاپاكەشلەرنىڭ ئاھۇ-زاردىن ئۈن-تىنسىز ئاقىدىغان بولۇپ قالدى .

>>مەڭگۈ تاشلار <<نىمە مەقسەتتە تىكلەنگەن؟ > تۈركى تىللار دىۋانى <نىمە مەقسەتتە يېزىلغان؟ > قۇتاتغۇبىلىكچۇ<؟

قەلبىمىزنى چىرماپ كەتكەن نادانلىق، ساپاسىزلىق ۋەجىدىن مانا شۇنداق ئالەمشۇمۇل ئەڭگۈشتەرلىرىمىزنىڭ ماھىيتى بىلەن تونۇشۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدۇق. تالاي شىر يۈرەك ئوغلانلىرىمىز بىلەن ئوت يۈرەك مۇتەپپەككۇرلىرىمىزنىڭ يالقۇن كەبى ئىستەكلىرى تارىخنىڭ بىپايان ئېتىكىدە قۇم-بورانغا كۆمۈلۈپ قىلىۋەردى. خۇددى كىروران گۈزىلىدەك.

بىز بولساق بەلگىسى يوق يوللاردا ئىغىز-بۇرنىمىزنى قان قىلىپ كېتىۋەردۇق. كۆرمىگەن كۈنىمىز قالمىدى .بەگ بولىدىغان ئوغۇللار قۇل بولدى، خانىش بولىدىغان قىزلىرىمىز دېدەك بولدى.

كىشلەر دائىم تەقدىرگە بويسۇنۇش كېرەك دېيىشىدۇ،لېكىن ئىنسان ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى،ئۇنى ئالتۇن ياكى ساپال قىلىپ تاۋلاپ چىقىدىغىنى دەل شۇ كىشىنىڭ ئۆزى،نىمىنىڭ ئىرادە،نىمىنىڭ خەلقنى سۆيۈش ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشىلا ،ئىلىم-پەننىڭ چوققىسىدا ھارماي ئىزدىنىدۇ.

خۇدا! ماڭا غەيرەت-جاسارەت،تىنىمسىز زور ئەقىل ئاتا قىلغىن،يىراقتا قالغان ۋاپادارىمنى سالامەت قىلغىن.

ئەكرەم يۇقارقى قۇرلارنى كۈندىلىك خاتىرىسىگە يېزىۋېتىپ ،سۆيۈملۈك ئايالىنى سېغىندى .ئۇنىڭغا مۇھەببەتىنىڭ نىمىلىكىنى ھىس قىلدۇرغان،بۇ گۈزەل،ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى،ياق ئەڭ مۇھىم ،بەلكى پۈتۈن قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. كۈنلىرنى ئىجتىھات بىلەن باش كۆتۈرمەي كىتاپ كۆرۈپ

dewir.blogbus.com

ئۆتكۈزۋاتقان بولسىمۇ ئايالىنىڭ يېنىغا ھەر مىنۇت قايتىپ كىتىشنى ئويلايتتى.

ئۇلارنىڭ تونۇشۇش ۋە مۇھەببەتلىشىش جەريانى ئۇنچىلىك مۇرەككەپ بولمىسىمۇ ،لىكىن تولىمۇ شېرىن ۋە ئۇنتۇلغۇسىز،شۇڭا ئەكرەم ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئەر ھىساپلايدۇ .



ئاخشام كۆرگەن چۈش ئۇنى ئەنسىرتىپلا قويغان بولۇپ،دىققىتىنى يىغىپ ماتىريالغا قاراپمۇ كاللىسىغا ھىچنىمە چۈشمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەيھانغا نەچچە تېلىفۇن ئۇرۇپ ئالالمىدى.

ـئاپا رەيھان سالامەت تۇرۇۋتىپتىمۇ؟ ـدېدى ئۇ قېين ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە تېلىفۇن قىلىپ

ـياخشىكەن،مەن بايا سۆزلىشكەن تىخى،ئۆزىگە قىلماپسىزغۇ؟

ـئىككى كۈن بولدى پەقەتلا ئۇلانماي قالدىغۇ تاڭ، سالامەت بولسىلا بولدىغۇ،مەن كەچلەردىن يەنە بىر قىلىپ باقارمەن، ماقۇل خۇداغا ئامانەت ئاپا.

ـخۇداغا ئامانەت.



dewir.blogbus.com

ئۇ ئايالنىڭ سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولسىمۇ ، چۈشىدە چىرايلىق رەيھاننى چوكۇرۇپ كىتىۋاتقان قان، رەيھاننىڭ ئالدىدا ھىجىيىپ ،ئەكرەمنى مەسخىرە قىلىۋاتقان تونۇشلا بىر چىراي،ئۆزىنىڭزنى ئاسراڭ دەپ بارا-بارا يىراقلىشىپ كىتىۋاتقان ئايالنىڭ سۈس گەۋدىسى،،،،ئۇنى قاتتىق ئارامسىزلاندۇراتتى.

دەل شۇ سائەتلەردە ئەكرەم تۇرغان بۇ شەھەردىن تولىمۇ يىراق بولغان چىلانلىق يېزىسىدا ئاسىم بىلەن مايىسخان قوشنا يېزىدىكى تويغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. كىيىنكى كۈنلەردە مايىسخان ،رەيھاننى خاتا ئەيىپلىگىنى ئۈچۈن قىزغا گەپ قىلالماي خىجالەت بولۇپ يۈردى. ئۇ ئۆي كۆچۈپ چىكىتمەن دەپ ماڭغاندا يالۋۇرۇپ ،يىغلاپ ئاران ئېلىپ قالدى، مانا بۈگۈنمۇ قىزنىڭ يىنىغا كىرىپ باشقا يەرگە ماڭغانلىقىنى ئېيتىپ قويغان ۋاقتىتمۇ بىر خىل خىجىللىق ھىس قىلدى.

كۆڭلىدە ناھايىتى شۇم پىلان تۈزگەن ئەرشىدىن ئالدىنقى كۈنىلا ئاتا-ئانىسىغا> بۈگۈن شەھەرگە كىرىمەن،بەلكىم بىر نەچچە كۈنلەر شۇ يەردە تۇرۇپ قىلىشىم مۇمكىن <دەپ،ئۇلارنىڭ يالغۇز قالغان رەيھاندىن ئەنسىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىدى.

ئەرشىدىن ئاپا-دادىسى يېزىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقتنى ئېنىق بىلگەچكە ئۇلار سەپەرگە چىقىشىغىلا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا رەيھانمۇ ئىشقا كەتكەن بولۇپ،ئۇ كىيىنكى قەدەمدە قىلىدىغان ئىشلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىشىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ھىيلە-مىكرى نىمە دىگەن تولا. ئادەتتە يېزىلاردا ئاساسىي جەھەتتىن كىچىك-كۈندۈز تۇرۇۋا سۈيى كىلىپ تۇردىغان ئىش يوق.

كۈندە ئەتىگەنلىكى ئىككى سائەت قويۇپ بىرىلىدىغان تۇرۇبا سۈيىنى كۈپلەرگە يەنە تىخى جاۋۇرلارغا لىقلىۋىلىپ ئەتىسى شۇ ۋاقىتقىچە ئاۋايلاپ ئىشلىتىشىدۇ. نەچچە ۋاقتىنىڭ ياقى رەيھاننىڭ ئىشكى ئالدىغا قويۇلغان سۇ كۈپىگە قاراپ ئاجايىپ پىلاننى تۈزگەن ئەرشىدىن ،ئۆيىگە كىلىپلا ئەتراپقا ئوغرى مۈشۈكتەك تازا قارىۋەتكەندىن كىيىن قولىدىكى خىلىلا جىق ئۇيقۇ دورىسىنى تۆكغا

تۆكۈپ تىزلىكتە ئارلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ رەيھاننىڭ تىزراق قايتىپ كىلىپ سۇنى ئىچىشىنى،شۇ سۇنى ئىشلىتىپ تاماق ئېتىپ،ھىچنىمنى سەزمىگۈدەك ئۇخلاپ كىتىشىنى سەۋىرچانلىق بىلەن كۈتۈشى كىرەك ئىدى. ساق يىرىم كۈن ساقلىغاندىن كىيىن رەيھاننىڭ كىلىدىغان ۋاقتى ئىسىگە كەلدى بولغاي، ھەممە نەرسىنى بۇرۇنقى ھالىتىگە ئەكىلىپ قويۇپ دەرۋازىغا قۇلۇپنى بىسىپ ئاستا سىرىتقا ماڭدى .

ئۇ ئۆيىدىن ئازراق يىراق،ئادەم ئولتۇرمايدىغان بىر قورۇنىڭ ئالدىدىكى دوڭغاق سۆگەتنىڭ كەينىگە چىك چاپلىشىپ تۇرۇپ تاماكىسىنى چەككەچ،قىزنىڭ تىزراق كىلىپ ئۆيىگە كىرىشىنى ئاززۇ قىلاتتى.

ئەنە قىز كەلدى، تەمكىن،چىرايلىق مىڭىشى بىلەن ئۇنىڭغا تونۇش بولغان قوراغا كىرىپ كەتتى،دەرۋازا يىپىلغاندىلا ئۇ دىگەن ئەرشىدىن قاراڭغۇ چۈشكىچە تازا بىر كەيىپ بولۋىلىشنى ئويلاپ مەھەللىنىڭ ئايىقىدىكى قىرى تەتەينىڭ قاۋاقخانىسىغا كىرىپ كەتتى .

خىزمەتدىشى ئالغاچ كەلگەن ئوخشىغا سامسىنى يىگەن رەيھان كەچتە يالغۇز جىنىغا تاماق ئېتىشنى ئىغىر كۆردىمۇ ،شەھەردىن ئالغاچ چىققان پىچىنىلەر بىلەن قورساقنى ئەستەرلىمەك بولۇپ،چاي قاينىتىشقا تۇتۇندى. ئۇ غىڭشىپ ناخشا ئىيتقاچ چايدانغا قاردىغان ئىدى،تەلىيگە ئەتىگەن ئىلىپ قويغان قايناقسۇيى بار ئىكەن .

قورسقىنى تويغۇزۇپ بىردەم رومان ئوقۇغان رەيھاننى ئۇيقۇ بىسىشقا باشلىدى. بىر ئاز سۇ ئىچىۋىلىشنى ئويلىغان رەيھان كۈپتىكى سۇدىن بىر يۇتۇملا ئىچىپ بولدى قىلدى. ئۇ يولدىشى كەتكەندىن كىيىن كۈندە قىلىدىغان ئادىتى بويىچە ياستۇقىنىڭ ئاستىغا ئەكرەم ھەمراھ قىلغان پىچاقنى تىقىپ ،ئىشكلەرنى چىك تاقاپ ئۇيقۇغا كەتتى .شۇ دەقىقىلەردە ئۆزىنىڭ كالىلىسىنىڭ ناھايتى ئىشلەيدىغانلىقىدىن خوشال بولۇپ،غادايغىنىچە ئۆي تەرەپكە كىلىۋاتقان ئەرشىدىن،قورا تىمى يىنىغا كىلىپ قالدى .تولىمۇ قاراڭغۇ ،ئايسىز كىچىدە بايا تەييارلاپ قويغان ھويلىغا كىرىدىغان تۆشۈكنى تىمىسقىلاپ ئىزلەۋاتقان ئەرشىدىنگە تۇرۇپ-تۇرۇپ قاۋاپ قويىۋاتقان ئىتلارنىڭ ئاۋازىمۇ

بۆلەكچە سۈرلۈك ئاڭلانماقتا ئىدى.

ئۇ ئاخىرى كىرىش ئىغىزىنى تاپتى،خىلى بۇرۇنلا رەيھاننىڭ ھۇجرا ئۆيىنىڭ دەرىزىسىنى ئاسانلا ئاجرايدىغان قىلىپ قويغاچقا ئۇ يەرگە كىرىشتىمۇ ئانچە توسالغۇسى يوق ئىدى.

چىرايلىق،ئۇزۇن چاچلىرنى يايغىنچە،تاتلىققىنە ئۇخلاۋاتقان ئاپئاق بىر گەۋدە ئۆزىگە يىقىنلا كىلىپ قالغان ئاپەتتىن قىلچىكىك خەۋرى يوق ئىدى.



10

ئەرشىدىن ھىچقانداق تىۋشىسىز غەلىبىلىك ھالدا قىزنىڭ ھۇجرىسى يېنىغا كىلىپ قالدى. سۈيگە ئارلاشتۇرۇۋەتكەن ئۇيقۇ دورىسىغا قاتتىق ئىشەنچىسى بار بولغاچقا ئاللىبۇرۇن بوشتىپ تەييارلاپ قويغان دەرىزىنى ئىچىشقا ھەركەتلەندى. رەيھان ئىچكىركى ئۆيىدە تىخىچىلا قاتتىق ئۇيقۇدا. ئۇيقۇ دىگەن ئۆلۈم دەپ يىنىدىلا چۆرگىلەپ يۈرگەن قارا قولنى سەزمەي قالدى.ئۇ ئاستا-ئاستا دەرىزنى ئاجرىتىپ ئۆي ئىچىگە غەلىبىلىك ھالدا كىردى. كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، پۇت-قوللىرىنى ئاران باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئەرشىدىن قىزنىڭ ئىچكىركى ئۆيىدە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى جەزىملەشتۈردىدە،ئىچكىركى ئۆيىنىڭ ئىشكىنى ئاستا ئاچتى.

dewir.blogbus.com



dewir.blogbus.com

ــكىم؟ قىز بىردىنلا ئىچىلغان ئىشىكنىڭ ئاۋازىدا ئويغىنىپ كەتتى. ھېچقانداق ئاۋاز يوق

ــكىم دەيمەن،رەيھان توكنى ياندۇرۇشقا ھەركەت قىلدى،توكنى ياندۇرۇپلا ئالدىدا شەھۋانىلىق ئوچقۇنلىرى چاچراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە يەۋەتكۇدەك قاراپ تۇرغان ئەرشىدىننى كۆرۈپ ئىقۋاتقان قانلىرى توختاپ قالغاندەك بولۇپ قالدى .

ــبۇ يەرگە قانداق كىردىڭ؟ دەرھال چىقىپ كەت !بولمىسا ۋارقىرايمەن!

ــقىنى ۋارقىراپ باق جىنىم،سېنى خۇدايىمۇ قۇتقۇزالمايدۇ، ياخشىلىقچە ماڭا بويسۇنساڭ بويسۇندۇڭ،بىكار تاتلىققىنە جىسمىڭ ئازار يەپ قالامدىكىن.

بەدىنى جالاقلاپ تىترەۋاتقان رەيھان،كىيىملىرنى يەشكىنچە ،قىزنىڭ ئوچۇق تۇرغان يەرلىرىگە

يەۋەتكۈدەك قاراپ كىلىۋاتقان ئەرشىدىندىن ھىچقانداق قىلىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يىتىپ ۋارقىردى. قۇتقۇزۇڭلار،،ئادەم بارمۇ

ـقۇتقۇزۇڭلار ئادەم بارمۇ!!ھى ھى ،قوشۇلۇپ ۋارقىردى ئەرشىدىن .ئىيتتىمغۇ سىنى ھىچكىم قۇتقۇزالمايدۇ، بۈگۈن كىچە سەن مىنىڭكى جىنىم،،،،سىنى دەپ سودامنى تاشلاپ بۇ قوتا مەھەللىدە يۈرۋاتىمەن،يىقىن كىلە!

دەل شۇ چاغدا رەيھاننىڭ خىيالىغا چاقماق تىزلىكىچە ئەكرەم قالدۇرغان پىچاق كەلدى. ئۇ ياستۇقى ئاستىدىن پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئىلىپ بوينىغا تەڭلىدى

ـكۆزۈمدىن دەرھال يوقال.بىكا ئالدىڭدا ئۆلۈپ بىرىمەن .

ـۋۇ بۇزۇق، مىنى شۇنىڭ بىلەن قورقۇتىمەن دەپ قاپسەندە،ئەكەل پىچاقنى ماڭا بەر،،،،،،،،،،

ئەرشىدىن ئوقتەك ئىتىلىپ بىرىپ قىزنىڭ قولىدىكى پىچاقنى ئالماق بولدى، قورسىقىغا تەگكەن قاتتىق تىپكىتىن ھوشىنى بىردەملىك يوقاتقان رەيھان بىردەمدىلا قولىدىكى پىچاقنى ئەرشىدىنگە تارىتقۇزۇپ قويدى. ئۇ ھايۋانلارچە قىزنىڭ خالىغان يىرىگە سۆيەتتى. ئۆزىنى ئىلىپ قىچىپ قاتتىق يىغلاۋاتقان رەيھاننىڭ قولىغا ھىلىقى پىچاق چىقىپ قالدى





dewir.blogbus.com

ۋايجان دېگەن ئاۋاز خۇددى يوقىتىپ قويۇۋاتقان ئەرشىدىننى ئىسگە كەلتۈردى. قىزنىڭ بىقىنىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان قاندىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئەرشىدىن ئالدى كەينىگە قارىماي ئۆيىدىن قېچىپ چىقتى. ئۇ ئازاپتا ئىڭراپ ياتقان قىزغا ئاخىرقى قېتىم قورقۇنۇچ نەزىرى بىلەن قارىۋېتىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارسا بولمايدۇ،ئىنىقلا تۈرمىگە كىرىدىغان گەپ. ئۇ بىر نەچچە ئۆينى تىمىسقىلىغاندىن كېيىن بىر ۋېلىسپىتنى تاپتىدە كۈچ بىلەن ھەيدەپ شەھەردىكى بىر يېقىنىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. كېيىملىرى قان ھالەتتە كىرگەن ئەرشىدىننى كۆرگەن يېقىنىنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ ئۇيقۇسى قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئەرشىدىننىڭ تېز-تېز قىلىپ ئېيتىۋاتقان گەپلىرنى ئۈنتۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن تىڭشاۋاتاتتى.

ـمەن ھازىرلا تاكسى كىرا قىلىپ ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىمەن.سەن جىددى قۇتقۇزۇشقا تېلفۇن بەر،مانا مەن يېزىپ بەرگەن ماۋۇ ئادرىستا بىرسى ئۆلەر ھالەتتە دەپلا تېلفۇننى قويۇۋەتسەڭ بولىدۇ،ئاممۇۋي تېلفۇندىن قىلىپ جۇمۇ،،،،يەنە بىر سائەتتىن كېيىن قىل!

قاتتىق ئاغرىۋاتقان،قان ئېقىپ تۇرغان بىقىنىنى تۇتقان رەيھاننىڭ يەنە بىر ئۆيىگە چىقىپ تېلفۇن قىلىپ ياردەم سوراشقا كۆزى يەتمىدى،ئاستا-ئاستا ئېقىپ چىقىۋاتقان قانلار ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئۈزۈپ قويىۋاتاتتى، قىزنى ئۇيقۇ بېسىۋاتاتتى،ئۇ بۇ ئۇخلىغان پېتى مەڭگۈ ئويغانمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.،ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم بىر كىشلەر ۋارقىراشقىنىچە ئۆيگە كىرىپ قىزنى بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ماڭدى.

بىر نەچچە سائەتلىك قاتتىق تىرىششتىن كېيىن قىزنىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىنغان بولسىمۇ،بالىسىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئۇ دەل ئەكرەمنىڭ ئىمتىھان بېرىدىغان كۈنلىرى بولغاچقا ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىنمىدى. بىردە چۈشۈپ-بىردە كۆتۈرلۈپ تۇرۋاتقان قان بېسىم،يۈرەك سوقۇشى دوختۇرلارنىڭ پېشانىسىدىن تەر ئاققۇزاتتى.دوختۇرخانا سىرتىدا ئەكرەم بىلەن رەيھاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قاتتىق ئەنسىزچىلىكتە قىزنى يېزىدىن بالدۇراق ئەكىرۋالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان ئانا بولسا ئۆزىنى بەزلەۋاتقان قۇدىسىغا يۆلىنىپ قاتتىق يىغلىماقتا.

قىزنىڭ خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىلا ئۇلارنىڭ چىرايىغا ئازراق بولسىمۇ كۈلكە يۈگۈردى.

كۈنلەر ئۆتتى،ئەكرەم نەچچە قېتىملار تېلىفۇن ئۇرۇپ رەيھان بىلەن خوشال پاراڭلاشقان بولسىمۇ،قايتىپ كەلگەندە ئايالىنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران قالدى .ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنى قارشى ئالغان ئايالىنىڭ قورسىقىغا چۈشكەندە كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى، ئايالى بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندە بولسا مۇشتۇملىرى كىرىشىپ ،ئۆز ۋاپادارىنى قوغدىيالمىغان بىر يارامسىز ئەر بولۇپ قالغانلىقىغا ئۆكۈندى. رەيھان شۇ قايتىپ كىرگەن پېتى يېزىغا چىقمىدى، مايىسخانىلار قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ قېچىپ كەتكەن ئوغلى سەۋەپلىك بۇلاردىن كۆپ كەچۈرۈم سوردى،لېكىن ئاتا-ئانىدا نىمە گۇناھ، بۇ بىر جۈپلەر يېزىدىن ئايرىلدىغان ۋاقىتتا ئۆزىگە شۇنداق گۈزەل ۋە قاباھەتلىك ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان ئۆيىگە ۋە ئاقكۆڭۈل كىشىلەرگە قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن قارىدى. رەيھان تىنچىلا تولۇق ئەسلىگە كىلەلمىگەن بولۇپ قاپقارا كۆزلىرى سەل ئولتۇرۇشقان، يادىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى .تىخى تۇغۇلمىغان نارسىدىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئۆكۈنسىمۇ ،ئەڭ قەدىرلىك ئايالىنىڭ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەنلىكىدىن ئەكرەم ئالەمچە خوش ئىدى.

بىر نەچچە ئايدىن كىيىن تاماق يىگەچ تېلىۋىزۇر كۆرۈۋاتقان ئەر-ئاياللار بىر-بىرگە خوشاللىق نەزىرى بىلەن قاراشتى، چۈنكى ئۇلارنى ھەم سانسىزلىغان بىگۇناھ نارسىدىلەرنى،قىزلىرىمىزنى قاقشاتقان ئەرشىدىن بىر نەچچە شېرىكلىرى بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى،،،،،،،،،،،،



dewir.blogbus.com



**خاتىمە: ئىككى يىلدىن كېيىن**

**بىر كەچلىكى ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن قىزى لالەنى يېتىلەشكەن ئەكرەم بىلەن رەيھان مايىسخانىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كىلىشتى. ئاپىسىغا ئوخشاشلا چىرايلىق قىز بىردەم يېتىرقىغاندىن كېيىن مايىسخاننىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئويناشقا باشلىدى......................**

**ئەسلى ئادرىسى :**

**http://bbs.xabnam.com/read.php?tid-74149-fpage-0-toread--page-1.html**

dewir.blogbus.com

بۇ رومان شەبنەم توردىن ئېلىنغان بولۇپ ، شەبنەم توردىن ئۇيغۇرئاي قىزنىڭ ئالاھىدە جاپا تارتىپ بۇ رومانىنى بىرمۇ بىر كومپيۇتىردا ئۇرۇپ شەبنەم توردىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ماكانغا يوللىغىنىغا ئالاھىدە رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز ! بۇ رومانىنى دەۋر بلوگى ئەسلى ئاپتورنىڭ ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئېلكتاب قىلىپ ئىشلىدى ھەم دەۋر بلوگىدا كۆپچىلىككە تەمىنلىدى . ئەگەر بۇ رومان سىزگە ياريغان بولسا شەبنەم توردىن ئۇيغۇر ئاي قىزنىڭ سالامەتلىكىگە ئامانلىق ، خىزمىتىگە ئۇتۇقلۇق ، تۇرمۇشىنىڭ خۇشال-خۇرام ئۆتۈشى ئۈچۈن بەخت تىلەشنى ھەم دەۋر بلوگىنى پات-پات يوقلاپ تۇرۇشنى ئۇنتىماڭ ، ئەگەر سىزنىڭ شارائىتىڭىز يار بەرسە سىزنىڭمۇ تورغا نادىر ئەسەرلەرنى يوللىشىڭىزغا شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتى مەدىنىيىتىگە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشىڭىزنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز !

ھۆرمەت بىلەن : دەۋر بلوگى

ئەسكەرتىش : بۇ كىتاب پەقەت قېرىنداشلارغا ئاز-تولا بولسىمۇ قولايلىق يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە ئېلكىتابقا ئايلاندۇرۇلدى ، ھەرقانداق شەخس ۋە ئورۇنلارنىڭ پەقەت پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ ، ئەمما باشقا ھەرقانداق مەخسەتتە ۋەلىتىمىز قانۇن-نىزاملىرىغا زىت كېلىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ .

ئەگەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ بىرەر مەسىلە كېلىپ چىقسا بارلىق ئاقىۋەتكە شۇ شەخس ۋە ئورۇن مەسئۇل ! بۇ ئىشلارغا دەۋر بلوگى قىلچە مەسئۇل ئەمەس .



dewir.blogbus.com